ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى



# ئەقىللىق كەنجى قىز

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




ISBN 978-7-228-10825-1
9 787228 108251 >
定价:4.50元



# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئەقىللىق كەنجى قىز

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى 2007 -يىلى

图书在版编目(CIP)数据

聪明的小姑娘：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
（维吾尔民间故事）
ISBN 978-7-228-10825-1

Ⅰ.聪... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集-中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006082号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

**聪明的小姑娘**（维吾尔文）
**（维吾尔民间故事）**
《维吾尔民间文学大典》编委会编

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐解放南路348号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.375印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

ISBN 978-7-228-10825-1　定价：4.50元



پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

# مۇندەرىجە


خورۇزنىڭ بايلىققا ئېرىشىشى ........................1
پىرىم پۇرچاق ........................................8
ئۈچ دوست ..........................................14
ئەقىللىق كەنجى قىز .............................18
ئىشچان قىز .........................................24
ئېرىك بولغان پىرىك بولۇر ..........................36
كىشىنىڭ ھەققى ...................................44
گىلەمچى يىگىت ....................................50
ئەر ئاسمىنىڭ سوۋغىتى ..........................60
ھۈنەر ................................................63




# ھۇرۇننىڭ بايلىققا ئېرىشىشى

بۇرۇن بىر ھۇرۇن بولغانىكەن، ھۇرۇن بولغاندىمۇ ئىش قىلىشنى زادىلا خالىمايدىغان، ئىشنىڭ ئېتىنى ئاڭ-لىسا بېشى ئاغرىيدىغان، ئۆتۈپ كەتكەن ھۇرۇننىڭ ھۇرۇ-نىكەن. خوتۇنى ئىشقا ھەيدىسە، تىللاپ ئۇنىمايدىكەن. خو-تۇنىمۇ ئاخىر ئامال قىلالماي، ھۇرۇننى ئۆز مەيلىگە قويۇ-ۋېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى ھۇرۇنغا نەسىھەت قىلىپ:

— سەنمۇ خۇدانىڭ بەندىسى بولغاندىكىن ئۆزۈڭ ھالال ئەمگەك قىلىپ، يەر تېرىپ جېنىڭنى باقساڭ بولمامدۇ؟! — دەپتۇ. ھۇرۇن:

— ئەجەبمۇ بېشىمنى ئاغرىتتىڭا! يەر تېرىسامىمۇ تېراي، بىراق نېمىدە تېرىيمەن؟ — دەپتۇ.

— قوشنىلارنىڭ كالىسىنى سوراپ ئېلىپ تېرىغىن، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. ھۇرۇن تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ قوش-نىسىنىڭ كالىسىنى سوراپ ئېلىپ يەر ھەيدىگىلى بېرىپ-تۇ، بىرئاز ھەيدىگەندىن كېيىن قوش بىرنەرسىگە تاقاش-

قاندەك قىپتۇ، كالىسىنى توختىتىپ شۇنداق قارىسا، ئاتـ-
نىڭ كاللىسىدەك بىرنەرسە چىقىپتۇ. بۇ نەرسە شۇنداق
پارقىراق ئىكەنكى، يالت - يۇلت قىلىپ ھورۇننىڭ كۆزىـ-
نى قاماشتۇرۇۋېتىپتۇ. ھورۇن، بۇ نېمىدۇ؟ بىرەر ئادەمدىن
سوراپ باقاي دەپ، ئەتراپىغا قارىسا، يىراقتىن بىر ئادەم
كېلىۋاتقۇدەك.

— ھوي ئاكا، تېزرەك بۇ ياققا كەلسىلە، — دەپ چاـ-
قىرىپتۇ. ئۇ ئادەم يېقىن كېلىشىگە، ھەي، بۇ بۇلاقچىمۇ
نېمە، دەپ ئويلاپ، چاپىنىنى سېلىپلا ھېلىقى نەرسىگە
يېپىپ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋاپتۇ - دە، ئۇ ئادەمگە:

— ماۋۇ ئىككى كالامدىن قايسىسى ئىلدامكەن؟ —
دەپ سوراپتۇ. ھېلىقى ئادەم:

— ھەي، كالىنى سەن ھەيدىگەن تۇرۇپ ئۆزۈڭ بىلـ-
مىسەڭ، مەن نەدىن بىلەي، — دەپ ئاچچىقلىنىپ كېتىپ
قاپتۇ.

ھورۇن، ئەجەب ئاسان قۇتۇلدۇما، دەپ ئەتراپىغا قاردـ-
سا يەنە بىر ئادەم كېلىۋاتقۇدەك، ئۇنىمۇ چاقىرىپتۇ - دە،
يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنچ قىلالماي:

— ئاكا، مەن كەچكىچە قانچىلىك يەر ھەيدەرمەن؟ —
دەپتۇ. بۇ ئادەمنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— بۇنى سەن بىلمىسەڭ، مەن قانداق بىلىمەن؟ —
دەپ غودۇڭشىپ تىللاپ كېتىپ قاپتۇ. ھورۇن، بۇنىڭدىنمۇ
خېلى ئاسان قۇتۇلدۇم، ئەمدى كىمدىن سورىسام بولار، دەپ

ئۇلتۇرۇپ، ھە راست، خاندىنلا سوراي، خاندا ئەقىل كۆپ بولىدۇ دەيدىكەن، دەپ ئويلاپ، ھەيدىگەن يېرىنىمۇ تاشلاپ قويۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ ـ دە، ئالدىراپلا يەنە تالاغا مېڭىپتۇ. خوتۇنى:

ــ تاماق پىشتى، يەۋېلىڭلا ! ــ دەپتۇ. ھورۇن تاماق يەپ ئولتۇرۇپ:

ــ قاراڭلا، خوتۇن، بۈگۈن ئېتىزدىن مۇنداق نەرسە تېپىۋالدىم، خانغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ باقاي دەيمەن، ــ دەپ ھېلىقى نەرسىنى خوتۇنىغا كۆرسىتىپتۇ. خوتۇنى قا- رىسا، ئالتۇن. خوتۇنى چاندۇرماي:





ــ ئەجەب پارقىرايدىغان نەرسىكەنا بۇ، ئەكېلىڭلا مەن ئوبدانراق كۆ- رۈپ باقاي، ــ دەپ ئېلىپ، ئېرىنىڭ تاماق- قا دۇم چۈشكەن ۋاقتىدىن پايدى- لىنىپ ئالتۇن- نى تىقىپ قو- يۇپ، ئورنىغا

شۇنچىلىك چوڭلۇقتىكى تاشتىن بىرنى چاپىنىغا چاندۇر-
ماي يۆگەپ قويۇپتۇ.
هۇرۇن تامىقىنى يەپ بولۇپ:
— ئەمىسە، مەن خاننىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولۇپ
قالدىم، — دەپ قويۇپ، چاپىنىغا يۆگەكلىك نەرسىنى
كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ.
تاغ - داۋان ئېشىپ بىرقانچە كۈن يول يۈرۈپ، خان-
نىڭ ئوردىسىغا بېرىپتۇ - دە: «مەن خانغا بىر نەرسە
ئەكەلدىم. خان بىلەن كۆرۈشەتتىم» دەپتۇ. ياساۋۇللار
كىرىپ خانغا مەلۇم قىپتۇ. خان «كىرسۇن!» دەپ رۇخسەت
قىپتۇ. ياساۋۇللار چىقىپ هۇرۇننى ئوردىغا ئەكىرىپتۇ.
خان:
— ھە، نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ. هۇرۇن چاپىنىنىڭ
ئارىسىدىكى نەرسىنى ئېلىپ شۇنداق قارىسا، تاش تۇرغۇ-
دەك. هۇرۇن، توۋا، بۇ پارقىرايدىغان نەرسە تاشقا ئايلىنىپ
كەتتىمۇ نېمە، دەپ ئويلاپ، قورقىنىدىن تەرلەپ كېتىپ-
تۇ. خان:
— ھە، نېمە، مۇشۇ تاشنى ئېلىپ كەلدىڭما؟ — دەپ-
تۇ. هۇرۇن دەرھال گەپ ياساپ:
— خان ئالىيلىرى، خوتۇنۇم بۇ تاشنى: «بەش قاداق
كېلىدۇ» دەيدۇ. مەن: «كەلمەيدۇ» دەيمەن. شۇنداق تالىشىپ
قالدۇق. شۇڭا، سىلىنى بۇ ماجىرانى ئايرىپ قويارمىكىن،
دەپ كېلىشۈدىم، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ خاننىڭ ئاچچىقى

كېلىپ:

— بۇ مېنى ئەخمەق قىلغىلى كەلگەن نېمىكەن، ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاڭلار ! — دەپتۇ. ياساۋۇللار ھورۇننى شۇ جايدىلا باغلاپ ئاپىرىپ زىندانغا تاشلاپتۇ.

ھورۇن زىنداندا يېتىپ، مېنىڭ تاپقىنىم مۇنداق چوڭلۇقتىكى پارقىرايدىغان نەرسە ئىدى، بۇ قانداق بولۇپ مۇنداق چوڭلۇقتىكى قارا تاشقا ئايلىنىپ قالدى، دەپ قول ئىشارىتى قىلغاننى زىندان ياساۋۇللىرى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، پادىشاھقا:

— بۇ ئوغرى يەرنى غېرىچلاۋاتىدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، — دەپ خانغا مەلۇم قىپتۇ. خان ھەيران بولۇپ:

— ئۇنى ئاچىقىڭلار، مەن ئۆزۈم سوراپ باقاي، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار ھورۇننى خاننىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ.

— سەن يەرنى غېرىچلاپسەن، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — دەپتۇ. ھورۇن:

— بىزنىڭ ئۆيدىكى ئۆچكىنىڭ ساقىلى ئۇزۇنمۇ، خاننىڭ ساقىلى ئۇزۇنمۇ؟ دەپ غېرىچلاۋاتىمەن، — دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان خان ئاچچىقىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ـ دە:

— ماڭا ھاقارەت كەلتۈرگەن بۇ ئەبلەخنى راسا ئۇرۇڭلار ! — دەپ بۇيرۇپتۇ. ياساۋۇللار شۇئان ھورۇننىڭ

پۇت ـ قولىنى باغلاپ، بوينىغا تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى باغلاپ راسا ئۇرۇپتۇ. ئاغرىققا پايلىمىغان ھورۇن:

ــ ۋاي، مەن راستىنى ئېيتاي، مېنى ئۇرماڭلار! ــ دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ــ ھە، ئېيتە! ــ دەپتۇ ياساۋۇللار.

ــ پادىشاھنىڭ ئۆزىگە ئېيتىمەن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ ھورۇن. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ قېشىغا ئەكىرىپتۇ. ھورۇن:

ــ پادىشاھىئالەم، بۇ گەپنى پەقەت قۇلاقلىرىغىلا دەيمەن، ــ دەپتۇ. پادىشاھ قۇلىقىنى يېقىن ئاپىرىپ:

ــ ھە، ئېيتە، ــ دەپتىكەن، ھورۇن:

ــ ۋاي پادىشاھ، مەندەك بىگۇناھ ئادەمگە ماۋۇ سېسىق چۇلۋۇرنى باغلاپ ئۇرغۇزغان پادىشاھنىڭ ئۆزى ساراڭكەن، يالغان بولىسا سوراپ باقسىلا، ــ



دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ:

— بۇ بىر سارالڭ نېمە ئوخشايدۇ، ئۇرۇپ ھەيدىۋې-تىڭلار ! — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار ھورۇننى ئۇرغان پېتى ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ھورۇن شۇ قوغلانغانچە نەچچە ئولتۇرۇپ، نەچچە يېتىپ مىڭ بىر جا-پادا ئاران دىگەندە ئۆيىگە يېتىپ كەپتۇ. خوتۇنى:

— ئاران تەستە ئەقلىڭنى تېپىپ ئۆيگە يېنىپ كەپ-سەن - دە. ئەمدىلىكتە ئۆيىمىزدە ھەممە نەرسە تەل بول-دۇ، ھېچنېمىدىن غەم قىلمايمىز، — دەپ ھورۇننىڭ ئال-دىغا خىلمۇخىل ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ قويۇۋېتىپتۇ. ئۆمرىدە بۇنچىلىك لەززەتلىنىپ تاماق يەپ باقمىغان ھورۇن ئالدىدىكى تاماقلارنى تۈگىتىپ يەۋېتىپ، خاتىرجەم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەر- خوتۇنلار تۇرمۇشىنى توق، باياشات، ئوبدان ئۆتكۈزۈپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ.

# يېرىم پۇرچاق

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئەر ـ خوتۇن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەش بالىسى بار ئىكەن. ئۇلار كۈنلۈكى ئاسماندىن چۈشكەن يەتتە كىشلىك ئوزۇق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن.

بىر كۈنى ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ، كىچىك ئىككى بالىسىنى ئېزىقتۇرۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئۆيدە قالغانلار بۆلۈشۈپ يېمەكچى بوپتۇ ـ دە، دادىسى كىچىك ئىككى بالىسىنى ئارقىسىغا سېلىپ، يىراق بىر يەردىكى ئۈجمىلىككە ئاپىرىپ، ئېگىز ئۈجمىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ:

ـــ بالىلىرىم، مەن ئۈجمە قاققىلى تۇرسام، ئۈستۈنگە قارىماڭلار، ئۈچامدا كىيىمىم يوق، ـــ دەپ ئۈجمىنى قاتتىق سىلكىشكە باشلاپتۇ. بالىلار باش كۆتۈرمەي ھە دەپ ئۈجمە يېيىشكىلى تۇرۇپتۇ. بالىلارنىڭ دادىسى ئۈجمىدىن ـ ئۈجمىگە ئاتلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. بالىلار ئۈجمە يەپ قورسقى تويغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۈجمىگە شۇنداق

قارىسا، دادىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ باللار: «ۋاي دادا، سىز نەدە؟» دەپ يىغلىشىپتۇ. دادىسى كەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىپتۇ. باللارنىڭ دادىسى ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ئەتىسى ئاسماندىن يەتتە كىشىلىك ئوزۇق چۈشمەي، بەش كىشىلىك ئوزۇق چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئەر ـ خوتۇن قىلغان ئىشلىرىغا مىڭ بىر پۇشايمان قىلىپ، ئىككىسى بالىسىنى ئىزدەپ تاپالماپتۇ.

ئىككى بالا شۇ ماڭغىنىچە بىر يەردە كېتىۋاتسا، كىچىكىنىڭ ئالدىغا بىر تال پۇرچاق ئۇچراپتۇ. پۇرچاقنى پارچىلاپ يېرىمىنى ئۆزى يەپ، يېرىمىنى ئاكىسىغا بېرىپ يولىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋاتسا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۇگمەننىڭ ئوقى ئۇچراپتۇ. ئۇكىسى:

— بۇ ئوقنى ئېلىۋېلىپ ئۆيگە ئالغاچ بارايلى، بىرەر نەرسىگە لازىم بولۇپ قالار، — دەپتۇ. ئاكىسى:

— يول ئازابىدا ھېرىپ جان ئاران قالغاندا، بۇنى كۆتۈرۈپ نېمە قىلىمىز؟ — دەپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر يەرگە كېلەلمەي، ئاخىر ئۇكىسى ئاكىسىغا:

— ئۇنداق بولسا يېرىم پۇرچىقىمنى بەر، ئۆزۈم يەپ، بۇنىمۇ ئۆزۈم كۆتۈرىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاكىسى نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي، ئاخىر ھېلىقى ئوقنى كۆتۈرۈپ ماڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار بىر قويۇق ئورمان-

لىققا يېتىپ كەپتۇ ـ دە، مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىشنى ئويلىشىپ تۇرۇشىغا، يىراقتىن قىرىق ئوغرىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ئاكا ـ ئۇكا قور- قۇنچلۇقتا دەرھال تېرەكنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. ئوغ- رىلار قېرىشقاندەك بالىلار چىقىۋالغان تېرەكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدىن ئوغرىلىغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى بىر ـ بىرىگە كۆز ـ كۆز قىلىشىپ، ئوغ- رىلىق ماھارەتلىرىنى سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر ئوغرى:

— ئاغىنىلەر، ئۆشنىمىزدىكى خۇرجۇن ـ تاغارلارنى قويۇپ، قازان ئېسىپ تاماق ئېتىپ يەپ، قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ ئاندىن يولىمىزغا ماڭمايمىزمۇ؟ — دەپ مەسلى-





ھەت كۆرسىتىپتۇ. قالغان ئۇغرىلارمۇ بۇ مەسلىھەتكە كۆ-
نۈپ، يوغان قازاندىن بىرنى ئېسىپتۇ، ئەمما قازانغا قۇيى-
دىغان ياغ يوق ئىكەن. ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ خۇدا-
دىن ياغ تەلەپ قىلىشىپتۇ. شۇ ئەسنادا تېرەكنىڭ ئۇچىغا
چىقىۋالغان بالىلارنىڭ كىچىكىنىڭ كىچىك تەرىتى قىستاپ
كېتىپتۇ. چىدىيالمىغان بالا ئاكىسىغا:
— ئاكا، سىيگۈم كېلىپ كەتتى، قانداق قىلىمەن؟ —
دەپتۇ. ئاكىسى:
— ئوبدان ئۇكام، ھەرقانچە بولسىمۇ بىردەم چىدا،
ئۇلار بىزنى كۆرۈپ قالسا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، — دەپتۇ. گەپ-
كە كۆنمىگەن ئۇكىسى:

— مېنى سىيگىلى قويساڭ قوي، بولمىسا يىرىم
پۇرچىقىمنى بەر! — دەپتۇ. غەزەپكە كەلگەن ئاكىسى:
— نېمە قىلساڭ قىل، — دەپ قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ-
كىسى شۇنداق سىيگەنىكەن، دەۋىدۇك قاراقچىلارنىڭ قازى-
نىغا چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوغرىلار: «خۇدا بىزنىڭ تەلى-
پىمىزنى قوبۇل قىپتۇ» دەپ، خۇشال بولۇشۇپ، ھايت-
ھۇيت دېگۈچە بىر قازان پولۇ ئېتىپ، قوللىرىنى يۇيۇپ
ئاشقا ئېغىز تەگكۈچە، تېرەك ئۇستىدىكى قورسىقى ئېچىپ
نەپسى تاقىلداپ كەتكەن بالىلارنىڭ كىچىكى ئاكىسىغا:
— ئاكا، بۇ ئوغرىلارنىڭ بېشىغا ماۋۇ توگمەن ئۇقىنى
تاشلايمۇ؟ — دەپتۇ. ئاكىسى:
— جېنىنىم ئۇكام، ئۇنداق قىلما، بىكاردىن - بىكار

جىنىمىزدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ــ دەپ ئۇكىسىغا يالۋۇ-
رۇپتۇ. ئۇكىسى:
ــ ھەي ئاكا، ئەخمەقلىق قىلما. ئالدى بىلەن بۇ
ئوقنى ئۇلارنىڭ بېشىغا تاشلاي، بۇنىڭدىن قورقۇپ قېچىپ
كەتسە بىزمۇ قۇتۇلىمىز، ــ دەپتۇ.
ــ ئۇكام، مەن سەندىن چوڭ بولغاندىكىن مېنىڭ
گېپىمنى ئاڭلا! ــ دەپتۇ ئاكىسى ئۇكىسىغا يالۋۇرۇپ.
ــ بۇنى تاشلىغىلى قويمىساڭ، يېرىم پۇرچىقىمنى
بەر! ــ دەپ ئاكىسىغا تەھدىت سالغاندىن كېيىن، ئۇكى-
سىنىڭ تاپا - تەنىسىگە چىدىمىغان ئاكىسى:
ــ خالىغىنىڭنى قىل، ــ دەپتۇ. ئۇكىسى تۆگمەننىڭ
ئوقىنى شۇنداق بىر تاشلىغانىكەن، ئاش يەپ ئولتۇرغان
ئوغرىلارنىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ. ئالاقزادە بولغان ئوغرىلار
ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي، ئوغرىلىغان مال - دۇنيالى-
رىنىڭ ئالغىنىنى ئېلىپ، قالغىنىنى قويۇپ بەدەر قېچى-
شىپتۇ. بالىلار خۇشال بولۇشۇپ دەرھال دەرەختىن چۈ-
شۈپ، ئولجا قالغان ئالتۇن - كۈمۈش، يامبۇ - تىللالارنى
قويۇنلىرىغا سېلىپ يەنە ئۆز يوللىرىغا راۋان بوپتۇ. بىر
يەرگە كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر كونا ئۆي ئۇچراپتۇ.
ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن مەسلىھەت قىلىپ، مۇشۇ ئۆيدە
قونماقچى بولۇپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، بىر ئەسكى
تۆگمەن ئىكەن. ئۇلار تۆگمەنگە كىرىپ سۆكەننىڭ ئىچىگە
كىرىپ يېتىپ تۇرۇشىغا، بىر توپ ياۋايى ھايۋانلار كىرىپ-

تۇ. بەكمۇ قورقۇپ كەتكەن ئاكا ـ ئۇكا بىر كونا داسنى ئۇرغىلى تۇرۇپتىكەن، قورقۇپ كەتكەن ھايۋانلار ئۆينىڭ ئىچىدە تۆت تەرەپكە پىتىراپ، ئىشىك تەرەپكە قاراپ چىپ-پىشىپ، قىستا ـ قىستاڭچىلىقتا تۈگمەننىڭ ئوچۇق ئىد-شىكى جالاقىدە يىپىلىپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا، تۈگمەننىڭ ئالدىدىكى يولدا كېتىۋاتقان قىرىق سودىگەر بۇ ئۆيدىكى گۇمبا ـ گۇمباڭنى ئاڭلاپ، بىرەر توي ـ تاماشا بولۇۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ تۈگمەننىڭ ئىشىكىنى شۇنداق ئىچد-شىغا، قاچقىلى يەر تاپالماي تۇرغان ھايۋانلار پاتىپاراقلى-شىپ قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئاكا ـ ئۇ-كىلار كارۋانلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىپ:

— سىلەر پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلدىڭلار، پادىشاھ بۇ ھايۋانلارنى بىزگە ئۇسسۇل ئۆگىتىسىلەر دەپ، تۇتۇپ بەرگەن، بىز ئەمدى پادىشاھنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ بارىمىز؟! — دەپ كارۋانلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىش ئۈچۈن سۆرەپ مېڭىپتۇ. كارۋانلار بۇ ھايۋانلارنى تۇتۇپ ئەكېلىشكە كۆزى يەتمەي، بېشى قېتىپ ئاخىر بالىلارغا مال ـ دۇنياسىنىڭ يېرىمىنى بەرمەكچى بوپتۇ. بالىلار رازى بوپتۇ. ئۇلار كارۋانلار بىلەن خوشلىشىپ، مال ـ دۇنيالىرنى ئېلىپ، ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ ۋە ئاتا ـ ئانىسى بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ خاتىرجەم ياشاپتۇ.

# ئۈچ دوست

بۇرۇنقى زاماندا ئۇزۇن قول، يوغان باش ۋە ئۆتكۈر كۆز، دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچ كىشى ئۆتكەنىكەن. بۇلار دوست بوپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆتكۈر كۆز بىر تاغنىڭ ئۈستىدىگە چىقىپ قارىسا، يىراق بىر يەردە بىر تۈپ يىلىقا ئوتلاۋاتقۇدەك. بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ ـ دە، شۇئان:

ـــ ۋاي ـ ۋۇي، نېمىدېگەن كۆپ يىلقا بۇ ! دوستلىرىم، چاققان مەيەرگە كېلىڭلار ! ـــ دەپ ۋارقىراپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ يوغان باش بىلەن ئۇزۇن قول يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ:

ـــ ئامال قىلىپ ئاشۇ يىلقىلارنى ئەكېلەيلى، ـــ دەپ مەسلىھەت سالپتۇ. ئۇلار ئىشقا كىرىشىپتۇ. ئۆتكۈر كۆز «ئۇياققا، بۇياققا» دەپ ئىشارەت قىپتۇ. ئۇزۇن قول قولىنى بىر سوزۇپلا ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يىلقىلارنىڭ بىرىنىمۇ قويماي تۇتۇپ كەپتۇ. بۇ يىلقىلارنىڭ ھەممىسى ياش ئارغىماقلار ئىكەن. ئۇنى كۆرۈپ ئۈچ دوستنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپتۇ ـ دە: «ئەمگەكنى مەن قىلدىم، ئۇلارنى

مەن تۇتتۇم» دەپ، ئۆزئارا تالىشىپ قاپتۇ. مۇشۇنداق جې-
دەللىشىۋاتقاندا، يىراقتىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ بىر توپ ئات-
لىق لەشكەرلەر كېلىپ قاپتۇ. بۇ ئۈچ دوست ئۇلارنى كۆ-
رۈپ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ، يىلقا تۇگۇل جانلىرىنى ساقلاپ
قېلىشمۇ تەس بوپتۇ. بۇ چاغدا ئەقىللىق يوغان باش بې-
شىدىكى تۇمىقى بىلەن نەچچە يۈز يىلقىنى باسۇرۇپ، يو-
شۇرۇپ قويۇپتۇ. يېتىپ كەلگەن لەشكەرلەر قىلىچلىرىنى
يالىڭاچلاپ ھەيۋە قىلىپ:

— پادىشاھنىڭ يىلقىلىرىنى قاراقچىلار بۇلاپ كېتىپ-
تۇ. سىلەر ئۇلارنى كۆردۈڭلارمۇ؟ دەل مۇشۇ تەرەپكە قې-
چىپتىكەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئۈچ دوست ئۇلارغا تەزىم
قىلىپ:





— جانابلار، ئۇ قاراقچىلار تېخى ھېلىلا مۇشۇ تاغنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

لەشكەرلەر ئالدىراپ - سالدىراپ ھېلىقى تۇماقنىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپتۇ، ئەمما ھېچ نەرسىنى تاپالماي قايتىپ كېتىپتۇ. شۇ ھامانلا ئۇزۇن قول بىلەن ئۆتكۈر كۆز تۇماقنىڭ ئاستىدىكى يىلقىلارنى تالىشىشقا باشلاپتۇ، تىللىشىپتۇ. ئاخىر ئۇزۇن قول ئۆتكۈر كۆزنى ئېيىق تاپىنىدەك ئالقانلىرى بىلەن راسا كاچاتلاشقا باشلاپتۇ. ئۆتكۈر كۆز ئۇزۇن قولغا تەك كېلەلمەي قېچىپتۇ. ئۇزۇن قول قوغلاپتۇ. ئۆتكۈر كۆز قېچىپ كېتىۋاتسا، ئالدىغا چوڭ بۇرۇن ئۇچراپ قاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆتكۈر كۆزنىڭ يۈرىكى بىر ئاز جايىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ يوغان بۇرۇنغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— دوستۇم يوغان بۇرۇن، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن! كەينىمدىن ئۇزۇن قول قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ...

ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، رەھمى كەلگەن يوغان بۇرۇن:

— ماقۇل، ئۇنداقتا مەيەرگە كىرىۋال، — دەپ، ئۇنى بۇرنىنىڭ بىر تۆشۈكىگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر يوغان قارىغاينى كۆتۈرگەن ئۇزۇن قولمۇ ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ يېتىپ كەپتۇ - دە:

— قېنى ھېلىقى ئۆتكۈر كۆز؟ ئۇنى نەگە يوشۇرۇپ قويدۇڭ؟ — دەپ يوغان بۇرۇنغا ۋارقىراپتۇ. قورقۇپ كەتكەن يوغان بۇرۇن:

— ۋاي تەقسىر، ئۇ بۇ غارغا كىرىپ كەتكەنىدى، — دەپ، ئالدىراشچىلىقتا بۇرنىنىڭ يەنە بىر تۆشۈكىنى كۆرسىتىپتۇ. يوغان بۇرۇنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىدىن كىرىپ، قاڭشاردا ئۇچرىشىپ قالغان ئۆتكۈر كۆز بىلەن ئۇزۇن قول دەھشەتلىك ئۇرۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ تەسىرىدىن بۇرنى ئاغرىپ، قىچىشىپ كەتكەن يوغان بۇرۇن بىر چۈشكۈرگەنىكەن، ھېلىقى مۇشتلىشىۋاتقان ئىككىسى يەرگە «پوككىدە» چۈشۈپتۇ - دە، يوغان بىر تاشقا تېگىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ھەممە يىلقىلار يوغان باشقىلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خۇشال - خۇرام، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

## ئەقىللىق كەنجى قىز

بۇرۇنقى زاماندا، غەرب تاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ بەش قىزى بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ قىزلارمۇ چىرايلىق ئۆسۈپ بويىغا يېتىپتۇ. شۇ يۇرتنىڭ خىلۋەت بىر يېزىسىدا ھەمرا ئىسىملىك بىر يىگىت بولۇپ، قىزلارغا ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپتۇ، ئۇلار ئىچىدىن بىر ئەقىللىق قىزنى تاللاپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. ئۇ قايسى قىزنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ ۋە ئاخىر چارە تېپىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئاپتۇ ۋە ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆل بېشىدىكى سۆگەت شېخىغا شولىسى سۇغا چۈشۈپ تۇرىدىغان قىلىپ ئىلىپ قويۇپتۇ.

بىر كۈنى قىزلارنىڭ چوڭى كۆل بويىغا سۇغا چىقىپتۇ، ئۇ سۇ ئالاي دەپ كۆلگە شۇنداق قارىغانىكەن، بىر ئالتۇن ئۈزۈك ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىپتۇ. ئۇ قىز خۇشال بولۇپ، ئۈزۈكنى سۇزۇۋالاي دەپ، قولىنى سۇغا سالغاند-

كەن، سۇ بىر داۋالغۇپلا ئالتۇن ئۆزۈك كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇ جىم بولغاندىن كېيىن قارىسا، ئالتۇن ئۆزۈك يەنە كۆلدە پەيدا بوپتۇ. ئۇ يەنە قولىنى سۇغا ساپتۇ، لې-كىن ئالتۇن ئۆزۈك يەنە كۆزدىن غايىب بوپتۇ. بۇ قىز شۇنچە ھەپىلەشسىمۇ ئۆزۈكنى ئالالماي، سۇينى ئىلىپ ھەسرەت بىلەن ئۆيگە قايتىپتۇ.

ئەتىسى ئىككىنچى قىز سۇغا چىقىپتۇ. ئۇمۇ كۆل بويىغا كېلىپ شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۆزۈك تۇرغۇدەك، ئۇمۇ قولىنى سالغانىكەن، سۇ بىر داۋالغۇپلا ئالتۇن ئۆزۈك كۆزدىن غايىب بوپتۇ. سۇ جىم بولغاندا قارىسا، ئۆزۈك يەنە سۇدا پەيدا بوپتۇ. ئۇ يەنە بىرھازاغىچە ئاۋارە بوپتۇ، لېكىن ئۆزۈكنى تاپالماپتۇ.

يەنە بىر كۈن ئۆتۈپتۇ، سۇغا چىقىش نۆۋىتى ئۈچىن-چى قىزغا كەپتۇ. ئۇمۇ كۆل بويىغا كېلىپ شۇنداق قارد-سا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۆزۈك تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ ئاچىلىرىدەك سۇغا قول سېلىپ، ئۆزۈكنى سۈزۈۋالماقچى بوپتۇ، لېكىن ئۇمۇ ئۆزۈككە ئېرىشەلمەي سۇينى ئېلىپ قايتىپتۇ.

تۆتىنچى قىزمۇ ئۆزۈكنى ئالالماپتۇ. ئەمدى سۇغا چد-قىش نۆۋىتى كەنجى قىزغا كەپتۇ. ئۇ كۆل بويىغا كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، كۆلدە بىر ئالتۇن ئۆزۈك كۆزىگە چېلد-قىپتۇ. ئۇمۇ ئالتۇن ئۆزۈكنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى سۇ-غا سالغانىكەن، ئالتۇن ئۆزۈك يوق بولۇپ كېتىپتۇ. كەن-جى قىز ئويلىنىپتۇ، سىنچىلاپ سۇغا قاراپ، ئۆزۈكنىڭ

سۇدا ئەمەسلىكىگە كۆزى يېتىپ، سۆگەتكە شۇنداق قارىغا-
نىكەن، سۆگەت شېخىدىكى ئالتۇن ئۇزۇك ئۇنىڭ كۆزىگە
چېلىقىپتۇ. كەنجى قىز ئالتۇن ئۇزۇكنى ئېلىپتۇ ـ دە،
خۇشال بولۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي سۇيىنى ئېلىپ
ئۆيىگە راۋان بوپتۇ.

قىزنىڭ ئالتۇن ئۇزۇكنى ئەكەلگەنلىكى توغرىسىدىكى
خەۋەر چوڭ ئاچىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئاچىلىرى ئالتۇن ئۇزۇكنى سىڭلىسىدىن تارتىۋېلىشنى
ئويلىشىپتۇ، لېكىن ئۇلار ئۇزۇكنى تارتىۋالالمىغاندىن كې-
يىن تولىمۇ ھەسەتخورلۇق قىلىشىپ، ئاتا ـ ئانىسىغا:
«كەنجى سىڭلىمىز يامان يولغا مېڭىپ قاپتۇ، بىر گاداي
بىلەن توي قىلماقچى بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىر تال ئالتۇن ئۇ-
زۇكىنى ئاپتۇ» دەپ، چېقىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ
گەپلەرگە ئىشىنىپ، قىزىغا ئاھانەت قىلىپ:

ــ ھەي يۈزى قېلىن، نېمىشقا بىر يالاڭ تۆش بىلەن
توي قىلماقچى بولدۇڭ؟ باي باينىڭ قاياشى، كەمبەغەل
كەمبەغەلنىڭ قاياشى. سەن بىزنىڭ يۈزىمىزنى چۈشۈرۈپ-
سەن، يوقال كۆزىمىزدىن ! سەندەك قىزىمىز يوق، ماڭ،
شۇ گاداي بىلەن نەگە بارساڭ بار ! ــ دەپتۇ. كەنجى قىز
ئازابلىنىپ:

ــ ھۆرمەتلىك دادا، ئانا، ماڭا ئىشىنىڭلار، مەن باشـ-
قىلاردىن ئۇزۇك ئالمىدىم، بۇ ئۇزۇكنى كۆل بويىدىكى
سۆگەتتىن ئالدىم، ــ دەپتۇ.

بىراق، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ گەپلەرگە ئىشەنـ
مەي، ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.
بۇ بىچارە قىز ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
بارىدىغان يېرى يوق كۆز يېشى قىلغان پېتى بىر بېسىپ،
ئىككى بېسىپ كۆل بويىغا كەپتۇ. كۆل بويىدا ئاپئاق سا-
قاللىق بىر بوۋاي ئولتۇرغانىكەن. بۇ قىزنىڭ يىغلاپ تو-
لىمۇ ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بوۋاي مۇلايىملىق
بىلەن:
— نېمانچە قايغۇرىسىز، قىزچاق؟ — دەپ سوراپتۇ.
قىز بوۋايغا كۆل بويىدىن ئالتۇن ئۈزۈك تېپىۋالغانلىقىـ
نى، كېيىن ئاچىلىرىنىڭ قىلغان يامانلىقىنى، نەتىجىدە
ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقىنى بىر ـ
بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. بوۋاي بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ:
— قايغۇرماڭ، قىزچاق، يۈرۈڭ، مەن بىلەن مېڭىڭ،
ماڭا يېتىشەلىسىڭىز، بىللە مېڭىڭ، يېتىشەلمىسىڭىز،
ھاسامنىڭ ئىزىغا قاراپ ماڭسىڭىز بولىدۇ، — دەپتۇ ۋە
ھاسىغا تايانغىنىچە مېڭىپتۇ. قىز بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن
ئەگىشىپ مېڭىپتۇ، لېكىن بىردەمدىن كېيىن بوۋايغا يې-
تىشەلمەي يىراقتا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىز ھاسىنىڭ
ئىزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. چۆلدە يالغۇز قالغانلىقىدىن قور-
قۇپ يىغلاپتۇ. ئۇ يىغلىغان پېتى ھاسىنىڭ ئىزىنى بېسىپ
ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ. بىرھازا ماڭغاندىن كېيىن بىر

مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇ. بۇ مەھەللىدە چىرايلىق بىر ئۆي بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا بىر كىشى تۇرغانىكەن. قىز ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھاسىغا تايىنىپ ئۆتكەن بوۋاينى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قىزنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگمەيلا ئۆيدىن چىرايلىق بىر يىگىت چىقىپتۇ. قىز سىنچىلاپ قارىسا، بۇ يىگىت ھېلىقى ھاسىغا تايانغان بوۋايغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىپتۇ. يىگىت تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن:

— قىزچاق، كېلىڭ، ئۆيگە كىرىڭ! — دەپتۇ.

قىز بۇ يىگىتنىڭ تولىمۇ قىزغىن، سىلىق مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرىپتۇ. يىگىت قىزغا:





— قايغۇرماڭ، مانا بۇ ھەم سىزنىڭ ئۆيىڭىز، ھەم مېنىڭ ئۆيۈم بولىدۇ، — دەپتۇ. قىز بۇ گەپنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھەيران بولۇپ:

— قانداقسىگە مېنىڭ ھەم سىزنىڭ ئۆيىڭىز بولىدۇ؟ — دەپتۇ. يىگىت قىزنىڭ دەرگۇماندا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ:

— ئىسمىم ھەمرا. سىلەرنىڭ بەش ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئىچىدىن ئەقىللىق بىر قىزنى ئۆزۈمگە لايىق تاللىماقچىدىم. قايسىڭلارنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىڭلارنى سىناش ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈكنى كۆل بويىدىكى سۆگەت شېخىغا ئىلىپ قويۇپ، بىر دالدىدا مۆكۈنۈپ تۇرغانىدىم. ئالتۇن ئۈزۈكنى ئاخىر سىز ئالغاندىن كېيىن، بۇۋاقىدەك ياسىنىپ، كۆل بويىدا يۈز كۆرۈشۈش ئۈچۈن سىزنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدىم. سىز ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، مەن سىزنى ئۆز ئۆيۈمگە باشلاپ كەلدىم. قىزچاق، مەن ئويلاپ يۈرگەن چىرايلىق، ئەقىللىق قىز سىز بولىسىز.

قىز ھەمرانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەم خۇشال بوپتۇ، ھەم ئىزا تارتىپ يەرگە قاراپتۇ. كەنجى قىز يىگىتنىڭ تولىمۇ سەممىي ـ سادىق ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىپ، ھەمرا بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار خۇشال ـ خۇرام توي قىلىپ، بىر ـ بىرىگە سادىق بولۇپ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

# ئىشچان قىز

زامانىنىڭ زامانىسىدا، ئىسمى ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر يۇرتتا بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى قەيس ئىكەن. ئۇ-نىڭ ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، بىر جۈپ قوشكېزەك قىزى بىلەن قاپتۇ. قىزلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى پاتىمە، بىرىنىڭ ئىسمى زۆھرە ئىكەن.

قەيسنىڭ ئايالى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا ئۆي-لىنىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، بىر جۈپ قىزىنى تەر-بىيىلەپ چوڭ قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك بۇرچى قىپ-تۇ. بۇ ئارزۇغا يېتىش ئۈچۈن جاپا تارتسا ئۆكۈنمەپتۇ، ئېغىر بېسىملارغا يۈكۈنمەپتۇ، قىزلارنى ياخشى تەربىيە-لەپتۇ، لېكىن ئىككى قىزنىڭ مىجەزى ئىككى خىل بولۇپ يېتىشىپ چىقىپتۇ. پاتىمە ئىشچان، قانائەتچان، كۆيۈمچان ئىكەن، زۆھرە ھورۇن، ھاكاۋۇر ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى قەيس ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ ئىككى قىزىنىڭ تەقدىرىنى ئويلاپ بېشى قې-تىپتۇ، ئاخىر كۆزىنىڭ تىرىكىدە ئۆي - مۈلۈكلىرىنى

بۆلۇپ قويۇشنى ئويلاپ، پاتىمە بىلەن زۆھرەنى چاقىرىپ ئۆز خىيالىنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ. زۆھرە:
— مەن ئۆي ۋە ئۆي بىساتلىرىنى ئالىمەن، — دەپ-تۇ. قەيس بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئازابلىنىپ:
— ئىككى بولسا بىرى سىنىڭ، بىرى پاتىمەنىڭ بولسۇن، — دەپتۇ. زۆھرە زادى كۆنمەپتۇ. پاتىمە:
— سىڭلىم ئۆزى دېگەنلىرىنى ئالسۇن. ئەگەر سەن رازى بولساڭ مەن قوناقتىن بىر پۇت، تورۇسقا قىسىقلىق بىر سىقىم كۇدە ئۇرۇقى، بىر يۈز توققۇز تال تاۋۇز ئۇ-رۇقىنى ئالسام بولدى، — دەپتۇ.
قەيس ئۇلارغا دەۋەت - قەلەم ئەكەلدۈرۈپ ۋەسىيەتنى





يېزىپ بولۇپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىپتۇ، ئىككى قىز يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ.

ئاتىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى تۈگەپ يەتتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، زۆھرە پاتىمەنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

پاتىمە ئامالسىز ئۆزىگە تەئەللۇق قوناق، تاۋۇز، كۈدە ئۇرۇقىنى ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ ناھايىتى يىراق دەريا بويىدىكى بوزغا يېتىپ بېرىپتۇ.

پاتىمە گەرچە بۇ يەردە ئادەم بولمىغىنى بىلەن تىرىلغۇ قىلىشقا ئەپلىك جاي ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ ـ دە، مۇشۇ ئورۇندا ماكانلىشىشنى ئويلاپتۇ.

بۇ يەردە تۈرلۈك ھايۋانلار كۆپ بولۇپ، يىرتقۇچلاردىن كېچىسى ئوت قالاش بىلەن قوغدىنىپتۇ. ياۋا ئالما، نەشپۈتلەرنى يىغىپ، بىر تەرەپتىن، يېسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنى چوڭ بىر تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇيەر ـ بۇيېرىگە كۆمۈپ قويۇپتۇ. كۆمۈلگەن ئالما، نەشپۈتنىڭ پۇرىقىنى ئالغان ياۋا چوشقىلار كېلىپ، ئالما، نەشپۈتلەرنى ئىزدەپ تۈزلەڭلىكنىڭ ھەممە يېرىنى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىپ قېزىۋېتىپتۇ. توپا يۇمشاپتۇ.

پاتىمە قېزىۋېتىلگەن يەرنىڭ كۆپ قىسمىغا قوناق، ئاز قىسمىغا تاۋۇز ۋە كۈدە تېرىپتۇ. زىرائەتلەر ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن، پاتىمە كېچىسى پۈتۈن ئەتراپقا گۈلخان يېقىپ زىيانداشلاردىن ساقلاپتۇ. بۇ يەردە ياۋا ئۆچكىلەر

كۆپ ئىكەن. پاتىمە ئۇلارنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆزىگە رام قىلىۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سېغىپ سۈتىنى ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

تاۋۇزلار پىشىپ، قوناق باش ئېلىپ، كۈدە كۆرپە بولغاندا، بىر شەھەرنىڭ شاھزادىسى ئوۋغا چىقىپ يولدىن ئادىشىپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز ئېلىدە كۆرۈپ باقمىغان بۇ مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئۇسساپ كەتكەن شاھزادىنىڭ تەنتەك ھەمراھلىرى، نېمە بولسا بولسۇن يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ، بىر تاۋۇزنى چېقىپ يېمەكچى بولغانىكەن، تاۋۇزدىن «ئىشلىگەن چىشلەيدۇ، ئىگىمىزدىن سوراپ يېسەڭلار دەردىڭلارغا داۋا بىز، رەنجىگۈلارغا شىپا بىز. ئەدەپسىزلىك قىلساڭلار، قان چىقارماي بولۇغۇزلاپ، تۈيدۇرماستىن يۇگۈزلاپ، جېنىڭلارنى ئېلىپ ياندا قويىدىغان بىۋاپا بىز» دېگەن سادا كەپتۇ. شاھزادە:

— بەس، توختاڭلار! — دەپتۇ. شاھزادىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇلار تاۋۇزلارنىڭ ئىگىسىنى تېپىش ئۈچۈن ئەتراپنى ئىزدەپتۇ. بىر چاغدا ئۇلار بىر ئالىچۇققا كەپتۇ. شاھزادە ئاتتىن چۈشۈپ:

گۈلدىن كۆڭلەك كىيىپتۇ
زەپ ياراشقان ئالىچۇق.
سالام ئېلىك ئالسىكەن.
قولى ئالتۇن قارانچۇق.

دەپتۇ. پاتىمە شاھزادىنىڭ سالىمىنى ئاڭلاپ:

ساڭىمۇ سالام، يىگىت،
ئالىچۇققا مەرھەمەت.
ھەق ئالمايمەن تائامغا،
كىرىڭىز پەقەت رەھمەت.

دەپتۇ. شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئالىچۇققا كىرىپ، تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ. ئامان ـ ئېسەنلىك سورىشىپ بولغاندىن كېيىن پاتىمە تالاغا چىقىپتۇ ـ دە، ئىككى تاۋۇزنى قولتۇقلىغىنىچە كىرىپ:

تاۋۇز تىلاي سىلەرگە،
ئاۋۋال تائام دەپتىكەن.
بۇرۇنىسىدا خىزىرمۇ
ئىشتەي بىلەن يەپتىكەن.

دەپتۇ ۋە تاۋۇز تىلىپ، مېھمانلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىپتۇ. مېھمانلار ھەرقانچە ئۇسساپ كەتسىمۇ يېيىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ. شاھزادە:

ھېلى تاۋۇز دىگەنتى
ئىشلىگەن چىشلەيدۇ دەپ.

باشلاپ بەرسە ئىگىسى،
ھۇزۇر ئالساق بىزمۇ يەپ.

دەپتۇ. پاتىمە ئۇلارنىڭ تاۋۇز كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى پەم-لەپتۇ ـ دە، ئالدى بىلەن ئۆزى ئېغىز تېگىپتۇ. شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئۇسساپ ئۆلەي دەپ قالغاچقا، ئۇ-رۇق ۋە شاپىقىنى قوشۇپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن پاتىمە:

مال سويغان گۆشىنى يەر،
تېرە يېگەننى كۆرمىدىم.
گۆشىنى يەپ توختىغان،
سۆڭەك يېگەننى كۆرمىدىم.

دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ.

شاھزادە ئۆزلىرىنىڭ بۇ يېگى تۆئىمىنى يەپ قاملاش-تۇرالمىغانلىقىنى ناھايىتى ئىتتىك سېزىپتۇ ـ دە

شاپىقىنى يېمەيتتۇق،
تاتلىقلىقى يېگۈزدى.
تەشنالىقنى قاندۇرۇپ،
يەنە بارمۇ دېگۈزدى.

دەپتۇ. پاتىمە يەنە تاۋۇز ئەكىرىپ ئۇلارغا تىلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار قانغۇچە يەپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇپتۇ. مېھمانلار



هاردۇقىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇن رەھمەتلەر ئېيتىپ يۇرتقا قاراپ يول ئاپتۇ.

شاھزادە ئاتقا مىنىپ يولغا چىققاندىن كېيىن، تەكرار ـ تەكرار ئارقىغا قاراپتۇ. ھەمراھلىرى شاھزادىنىڭ ئاشىقى بىقارار بولغانلىقىنى سېزىپتۇ.

ئۇلار يۇرتىغا يېتىپ بېرىشى بىلەن شاھزادە ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ. تېۋىپ تەكلىپ قىلىپ، داۋالاتسىمۇ شىپا تاپماپتۇ. پادىشاھ ئوغلىنىڭ ھالىدىن ئەنسىرەپ، ھەمراھلىرىدىن كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى سورۇشتۇرۇپتۇ. شاھزادىنىڭ ھەمراھلىرى ئۇۋ ئۈستىدە كۆرگەنلىرىنى پادىشاھقا يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە بايان قىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ تېخىمۇ قىزىقىپتۇ. پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىنى ئوردىدا قالدۇرۇپ، سول قول ۋەزىرىنى ۋە باشقا خىزمەتچى ـ مۇھاپىزەتچىلەرنى ئېلىپ ھېلىقى قىزنى زىيارەت قىلىشقا جابدۇنۇپتۇ. شاھزادە تېتىكلىشىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاتىسى بىلەن بىللە بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

پادىشاھ ماقۇل كۆرۈپتۇ.

ئۇلار ئۈچ كۈن يول مېڭىپ قىز بار دىيارغا يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ ئەتراپىدىكى يېشىللىق ۋە ئوخشاپ كەتكەن قوناق، تاۋۇزلارنى كۆرۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قاپتۇ. ئالىچۇقنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

شاھ دەپتىمەن ئۆزۈمنى،
بىر تۇپ دەرەخ تىكمەيمۇ.
شاھنىڭ شاھى بۇندا ئىكەن،
خەق مېنى شاھ دېگەيمۇ.
شاھ قىزىم سالام ساڭا،
قولۇم كۆكسۇمدە مانا.
ھوزۇرۇڭغا كىرەيمۇ؟
جاۋابىڭنى بەر ماڭا.

دەپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قىز مۇلايىم ئاۋازدا:

ئەسسالام، شاھ ئاتىمىز،
سالامەتمۇ تەنلىرى؟
بەختلىكمۇ قېرى - ياش،
تىنچ - ئامانمۇ ئەللىرى؟
ھوزۇرۇمغا سىلەرنى
قىزغىن تەكلىپ قىلىمەن.

شاھ ئاتام دۇئا بەرسە،
شۇنچە خۇرسەن بولىمەن.

دېگەن جاۋابنى بېرىپ، پادىشاھقا ئېگىلىپ سالام بېرىپ ئۆيگە تەكلىپ قىپتۇ.

مېھمانلار ئۆيگە كىرىپ ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز ئۇلارغا تاۋۇز تىلىپ ئەكەپتۇ، پادىشاھ ۋە ھەمراھلىرى بۇ تۆئىمىنى يەپ ھەيران بوپتۇ. پاتىمە كەينىدىن سۈت، كۆجە كەلتۈرۈپتۇ. مېھمانلار بۇنى ئىچىپ تېخىمۇ ھۇزۇرلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۇۋ قىلىپ گۆش يېيىشنى بىلگەن بىلەن، سۈتتىن پايدىلىنىشنى بىلمىگىنىگە، ئاشلىقنى يىراق جايلاردىن ئالتۇنغا تېگىشىپ ئەكەلگىنى بىلەن، تېرىپ كۆپەيتىشنى بىلمىگىنىگە ئەپسۇسلىنىپتۇ.

تاماقتىن كېيىن، پادىشاھ پۈتۈكچىگە بۇگۈندىن باشلاپ پادىشاھلىقنى پاتىمەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە جاكارنامە يېزىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پاتىمە نۇرغۇن تۇزۇت ۋە ھۆرمەت بىلەن رەت قىپتۇ. پادىشاھ ئاخىر قىزنى ئۆزىگە مەسلىھەتچى بولۇشقا ئۈندەپتۇ. پاتىمە ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. ئۇ پادىشاھقا مەسلىھەت بېرىپ، بوز ئېچىشنى تېخىمۇ كېڭەيتىپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. شاھزادە پاتىمەگە كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ، كۆڭلىدىن بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. لېكىن، پاتىمە مۇنداق بىر شەرت

قويۇپتۇ:

— زۆھرە ئىسىملىك سىڭلىم بار، شۇنى تېپىپ ئە-كەلدۈرسىڭىز ئاندىن توي قىلىمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە زۆھرەنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. قە-يىستىن قالغان ماكانغا بارسا، زۆھرە يوق ئىكەن. قولۇم-قوشنىلاردىن سۈرۈشتە قىلسا، زۆھرە ئاتىسىدىن قالغان مال - مۈلۈكلەرنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىپ، ئۆيلەرنىڭ-مۇ سېتىپ تۈزۈتۈپ، قەرزگە بوغۇلۇپ، قول بازىرىدا سېتىلىپ باشقا يۇرتقا كەتكەنىكەن.

شاھزادە يۇرتمۇيۇرت ئىزدەپ - سۈرۈشتۈرۈپ، ئاخىر ئۇنى بىر قول بازىرىدىن تېپىپتۇ. ئۇنىڭ مەيدىسىگە با-ھاسى ئېسىقلىق بولۇپ، باشقا قۇللاردىن خېلى ئەرزان ئىكەن. شاھزادە ئاخىر ئۇنى سېتىۋېلىپ ئۇستىۋېشىنى يەڭگۈشلەپ، يولدا ياخشى كۈتۈپ، پاتىمەنىڭ يېنىغا قايتۇ-رۇپ كەپتۇ. پاتىمە بىلەن زۆھرە قۇچاقلىشىپ يىغا - زار قىلىشىپتۇ.

زۆھرە پاتىمەنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندىن كېيىن ھەپتە ئۆتمەي ھەسەت قىلىشقا باشلاپتۇ، لېكىن چاندۇرماپتۇ. ۋە-دە بويىچە شاھزادە بىلەن پاتىمەنىڭ توي تەييارلىقى باشلى-نىپتۇ. ئەتە توي، دېگەن ئاخشىمى تۇيۇقسىزدىن پاتىمە بىھوش بولۇپ يىقىلىپتۇ. پادشاھ ئۆز ساقىلىنى يۇلۇپ ھەسرەت چېكىپتۇ، شاھزادە ئۆزىنى كاچاتلاپ سەلدەك ياش تۆكۈپتۇ، ئەل - يۇرت قايغۇغا چۆمۈپتۇ. دەل شۇ چاغدا

كورىدىكى خام سۇتتىن:

بۇ كىسەلگە مەن داۋا،
زەھەر بەردى بىۋاپا.
كۆرۈپ تۇردۇم ھەممىنى،
زۆھرە دېگەن بىۋاپا.

دېگەن زۇۋان چىقىپتۇ. بۇلۇڭدىكى قوناق:

خام سۇت يالغان سۆزلىمەس،
راستلىقىغا مەن گۇۋاھ.

دەپتۇ. تاۋۇز، سىۋەتتىكى كۇدە:

سۆزى توغرا، بىز گۇۋاھ،
قىچىپ كەتمىسۇن ھەرگىز
زۆھرە دېگەن بىۋاپا.

دەپتۇ. شاھزادە دەرھال خام سۇتنى پاتمەنىڭ ئاغزىغا تېمىتقانىكەن، پاتمە كۆزىنى ئېچىپ ئېسىگە كەپتۇ. پاتمە سوئال نەزەرى بىلەن شاھزادىگە قارىغانىكەن، شاھزادىدىن بۇرۇن سۇت، قوناق، كۇدىلار بايىقى سۆزلەرنى تەكرارلاپتۇ. غەزەپلەنگەن خەلق زۆھرەنى تۇتۇپ، چىچىنى يۇلۇپتۇ. پاتمە خەلققە ھاي بېرىپ، ئۇلارنى توختىتىپتۇ. خەلق

ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. پاتمە:
— ياق ! بۇنىڭغا ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك بىر ۋەزىپە بېرەيلى. شەھىرىمىزنىڭ شەرقىدە بىر ئىگە - چاقىسىز بوۋاي، غەربىدە بىر ئىگە - چاقىسىز موماي بولۇپ، ئۇلار ھالىدىن كېتىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، زۆھرە ئۇلارنىڭ ئاش - ئوزۇقىنى تەييارلاپ، ئۇلارغا كېچە - كۈندۈز قارىسۇن، — دەپتۇ.
زۆھرە گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن مەڭگۈ شۇلارغا قاراشقا بەلگىلىنىپتۇ.
پادىشاھ پاتىمەنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئوتتۇز كۈن ئويۇن - تاماشا، قىرىق كۈن توي - تۆكۈن قىلىپ، شاھزادە بىلەن چېتىپ قويۇپتۇ.
«ياخشىلىققا ياخشىلىق ھەركىمنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق ئاقىلنىڭ ئىشى» دېگەن سۆز شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## ئېرىك بولغان پېرىك بولۇر

بۇرۇنقى زاماندا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن يەر - زېمىنى، ھېسابسىز چارۋىلىرى بار ئىكەن. باينىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، چوڭ قىزىنىڭ چېچىغا ئاق كىرىپتۇ، كىچىك قىزىنىڭ يېشى ئوتتۇزغا ئۇلىشىپتۇ. باينىڭ قىزلىرى ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا، تەرەپ - تەرەپتىن ئەلچىلەر كەلگەنىكەن. باي ئاچ كۆز، تويماس بولغاچقا، ئەلچىلەرنى جاھاندا ماڭا تەڭ كەلگۈدەك باي بولسا قىزىمنى بېرىمەن، بولمىسا بەرمەيمەن، دەپ يولغا سالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قىزلىرى ئولتۇرۇپ قالغانىكەن.

ئۇ باينىڭ بىر تاز قويچىسى بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ جاڭگالغا مال باققىلى كېتىۋاتسا، چاتقاللار ئارىسىدىن بىر بۆرە چىقىپ قويلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئادەمگە ئوخشاش سۆزلەپ:

— ئەي تاز، قويۇڭدىن بىرنى بەر، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، — دەپتۇ. قويچى تاز قورقۇپ كېتىپ:

— ئەي بۆرە غوجام، قوي مېنىڭ ئەمەس، باينىڭ.

ئەگەر بىر قوينى سىلىگە بېرىپ قويسام، بىر يىل ۋاقتىم بىكارغا كېتىدۇ، چۈنكى مېنىڭ بىر يىللىق ئىش ھەققىم بىر قوزىلىق قوي، ـــ دەپ يالغۇرۇپتۇ. بۆرە تازنىڭ ھالىنى كۆرۈپ:

ـــ ئەي تاز، ئۇنداق بولسا بايدىن سوراپ كەلگۈچە قويۇڭنى يېمەيدىغان بولىمەن.



ـــ قەسەم قىلىپ بەرسەم ئۇنامسەن؟ ـــ دەپتۇ.

قويچى تاز:

ـــ قەسەم قىلىپ بەرسىلە ئۇنايمەن، ـــ دەپتۇ.

ـــ ئەگەر سەن بايدىن سوراپ كەلگۈچە قويۇڭنى يېسەم، ئۆيىدە قىزى تۇرۇپ ئەرگە بەرمىگەن بېخىللارنىڭ بېخىلى بولۇپ كېتەي، ـــ دەپ قەسەم قىپتۇ بۆرە.

قويچى تاز بۆ-

رىنىڭ قەسىمىنى ئاڭلاپ خىيالىغا باينىڭ ئۈچ قىزى كەپ-
تۇ ـ دە:
ــ ئەي بۆرە غوجام، مېنىڭ خوجايىنىمنىڭمۇ ئۈچ
قىزى بار، ئالدىنىڭ بېشى ئاقاردى، كىچىكىنىڭ يېشى
ئوتتۇزغا ئۇلاشتى. ئۇلارنى ئەرگە بەرگەن بولسا، ئالدى
بىرنەچچە پەرزەنت كۆرگەن بولاتتى. ئەگەر سىلىنىڭ مۇشۇ
قەسەملىرىنى ئېلىپ خوجايىنىنىڭ ئالدىغا بارسام تېرەمنى
تەتۈر سويىدۇ، ــ دەپ، باينىڭ ئالدىغا بۆرە ئۈچۈن قوي
سوراپ بېرىشقا ئۇنىماپتۇ. بۆرە تازنىڭ بارغىلى ئۇنىمايۋات-
قانلىقىنى كۆرۈپ:
ــ باشقا قەسەم قىلىپ بەرسەم ئۇنامسەن؟ ــ دەپ
سوراپتۇ.
ــ قېنى، مەن ئاۋۋال قەسەملىرىنى ئاڭلاپ باقاي، ــ
دەپتۇ قويچى تاز.
ــ ئەگەر سەن قوينى سوراپ كەلگۈچە قويۇڭنى يې-
سەم، مال ـ مۈلكىنىڭ ئۆشرە ـ زاكىتىنى ئايرىمايدىغان
جازانىخورلاردىن بولاي، ــ دەپ قەسەم قىپتۇ بۆرە.
قويچى تاز بۇ قەسەمنى ئاڭلاپ دەرھال باينى كۆز ئال-
دىغا كەلتۈرۈپتۇ ـ دە:
ــ ۋاي بۆرە غوجام، مېنىڭ خوجايىنىممۇ نەچچە مىڭ
قوي، تۆگىسى تۇرۇپ زاكات ئايرىماي، يا ئاشلىقتىن ئۆش-
رە ئايرىماي، جازانىخورلۇق بىلەن كاتتا باي بولۇپ كەت-
كەن. مەن بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ بارسام يەۋاتقان نېنىمدىن

ئايرىلىپ قالىمەن، ــ دەپتۇ. بۆرە يەنە:

ــ بۇنىڭدىن باشقا قەسەم قىلىپ بەرسەم بارامسەن؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئاۋۋال قەسەم قىلىپ باقسىلا، مەن ئاڭلاپ باقاي، ــ دەپتۇ تاز. بۆرە يەنە:

ــ ئەگەر سەن بايدىن قوينى سوراپ كەلگۈچە قويۇڭنى يەيدىغان بولسام، ئىشىكىنىڭ ئالدىدا مەسچىت تۇرۇپ ئۆيدە ناماز ئۆتەيدىغانلار قاتارىدا بولاي، ــ دەپ قەسەم قىپتۇ.

قويچى تاز بۇ قەسەمنى ئاڭلاپ يەنە ئۆز خوجايىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ:

ــ ئەي بۆرە غوجام، مېنىڭ خوجايىنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا مەسچىت بار تۇرۇپ نامازنى ئۆيدە ئۆتەيدۇ. بۇنى بىلىپ تۇرۇپ سىلىنىڭ بۇ گەپلىرىنى كۆتۈرۈپ بارسام، مېنىڭ يېگەن نېنىم هارام بولمامدۇ؟ ــ دەپ يەنە ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. بۆرە قويچى تازنىڭ ماڭمىغانلىقىنى كۆرۈپ پەيلىنى بۇزۇپ:

ــ سەن بايدىن قوي سوراپ كەلمىسەڭ سېنى يەيمەن، ــ دەپ خىرس قىپتۇ. بۆرىنىڭ ئەلپازىنى كۆرگەن تاز قورقۇپ كېتىپ:

ــ ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرسىلا، هازىر كېلىمەن، ــ دەپ ئۆلە ــ تىرىلىشىگە باقماي، يىقىلىپ ــ قوپۇپ توپىسىنى قاقماي باينىڭ ئالدىغا قاراپ كېتىپتۇ.

قويچى تاز باينىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپ، بۆرىنىڭ بىرىنچى قەسىمىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. دېگەندەك، باي بۆرىنىڭ بىرىنچى قەسىمىنى ئاڭلاپ:

— ھۇ، بېشىڭنى يەيدىغان تاز، تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن، سەن نېمە يالغان سۆزلەيسەن ! — دەپ قولىغا پىچاق ئېلىپ ئۇنى قوغلاپ كېتىپتۇ. قويچى تاز بايغا يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ مىڭ تەستە ئۇنى پەيلىدىن ياندۇرۇپ، بۆرىنىڭ ئىككىنچى قەسىمىنى ئېيتقانىكەن، باي:

— ھۇ، ئاقچى تاز، كۆكچى تاز، سەن مېنى ھاقارەتلىگۈچى بولدۇڭمۇ؟ كۆزۈمدىن يوقال ! — دەپ قولىغا توقماق ئېلىپ قوغلاپ كېتىپتۇ. قويچى تاز بايغا يەنە يالۋۇرۇپ:

— كەتسەممۇ كېتەي، بىراق قويلارنى كۆرسىتىپ قويۇپ كېتەي، — دەپتۇ.

— تولا كاپشىماي قويلارنىڭ يېنىغا بار ! — دەپتۇ باي يادىغا قويلىرى كېلىپ، تازنى ھەيدەپتۇ. بۇ چاغدا قويچى تاز بۆرىنىڭ ئۈچىنچى قەسىمىنى ئېيتىپتۇ. باي بۇنى ئاڭلاپ:

— ھۇ نائىنساپ تاز، يېگىنىڭ ھارام بولغۇر تاز. بۆرىمۇ گەپ قىلغان بارمۇ؟ ! قوي يېمەيدىغان بۆرىمۇ بارمۇ ! سەن شۇنچە قوينى بۆرىگە تاشلاپ بېرىپ بۇ يەرگە كەلدىڭمۇ؟ ھاڭۋاقماي، قويلارنىڭ يېنىغا بار ! — دەپ ھەيدەپ

تۇ. قويچى تاز:

ــ ماڭا ئىشەنمىسىلە، مەن بۆرىگە نېمىدەپ بارىمەن، يەم بولغىلىمۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە بارمىغىنىنىم تۈزۈك. بولمىسا ئىككىمىز تەڭ بارىمىز، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باي ئۇنى ماڭغۇزالماي ئۆزىمۇ بىرگە بېرىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

باي قويچى تازنى ئالدىغا سېلىپ بارسا، قويلار جايىدا تۇرۇپتۇ، سانىسا ھەممىسى ساق چىقىپتۇ، لېكىن بۆرىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. باي تازدىن:

ــ بۆرە قېنى؟ ــ دەپ سوراپتۇ. تاز:

ــ مەن ئۆيگە قايتقاندا مۇشۇ يەردە قويلارغا قاراپ





قالغان، — دەپتۇ.

باي تۇرۇپ ئويلىنىپ قاپتۇ ۋە بۆرىنىڭ ۋەدىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىدە ئىقرار قىپتۇ. بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن باي، بۆرە قوي يېمىگەن يەردە مەن نېمە ئۈچۈن ئىنساپلىق بولمايمەن، نېمە ئۈچۈن شۈكۈر ـ قانائەت قىلمايمەن؟! مەن بىر بۆرىچىلىك بولالمىدىم، دەپ ئويلاپ قورقۇپ قاپتۇ ھەم شۇ جايىنىڭ ئۆزىدىلا:

— ھەي قويچى تاز، سەن ئۈچ قىزىمدىن قايسىسىنى ئالساڭ شۇنى بېرەي، — دەپتۇ. قويچى تاز:

— ئەي باي ئاكا، سىلىنىڭ چوڭ قىزلىرى مېنى يامان كۆرىدۇ، سىلىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولغاندىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ياخشى گەپ ئاڭلاپ باقمىدىم. ئۇ مېنى كۆرسىلا:

لەپپە، لەپپەك، لەپپەك تاز،
گېپى يوغان بەتتام تاز.
لەپپە، لەپپەك، لەپپەك تاز،
بېشى يېغىر، شورتاڭ تاز.

دەپ ئاغزىدىن چۇشۇرمەي مېنى بەك زاڭلىق قىلىدۇ. مەن شۇ چوڭ قىزلىرىنى ئالسام، — دەپتۇ. باي رازىلىق بېرىپتۇ ۋە چوڭ قىزىنى تازغا چېتىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن

كېيىن باي كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرماي، قالغان ئىككى قىزىنىمۇ ياتلىق قىپتۇ.

باي قىزلىرىنى ئەرگە بېرىپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىنچا مال، ئاشلىقلىرىنىڭ ئۆشرە ـ زاكىتىنى ئايرىپ، يۇرت خەلقىگە تارقىتىپ بېرىپتۇ. باينىڭ چوڭ قىزىمۇ دەسلەپتە يىغلاپ ـ قاقشىغان بولسىمۇ، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ دەپ، ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن تاز بىلەن بىرگە ئۆتۈشكە كۆنۈپ قاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئېرىڭ بولغان پىرىڭ بولۇر» دېگەن گەپ باينىڭ چوڭ قىزى بىلەن قويچى تازنىڭ كەچۈرمىشىدىن قالغانىكەن.

# كىشىنىڭ ھەققى

بۇرۇنقى زاماندا مۇسا ۋە ئەيسا دېگەن ئىككى يىگىت ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا بىلەن ئەيسا كىشىنىڭ ھەققى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ. مۇسا ئەيسادىن:

— ئاداش، كىشىنىڭ ھەققى زادى كىشىدە قالامدۇ، قالامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئايلار، يىللار ئۆتۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەيسا.

— ئەمىسە مۇشۇ سۆزۈڭنى بىرەر كارامەت كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئىسپاتلاپ باققىنا، — دەپتۇ مۇسا.

— بولىدۇ، — دەپتۇ ئەيسا رازى بولۇپ ، — سەن كەينىمگە بەش قەدەم چېكىنىپ ئارقامغا بۇرۇل.

مۇسا ئارقىسىغا شۇنداق بۇرۇلۇپتىكەن، ئالدىدا ياپيېشىل مەنزىرىلىك بىر شەھەر تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئەيسا مۇسانىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ھېكايە ئېيتىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ

ھېكايىسىدە بايان قىلىنغان نەرسىلەر مۇساغا ئېنىق كۆرۈ-
نۈپ تۇرۇپتۇ.

سەن كۆرۈپ تۇرغان مانا مۇشۇ چىرايلىق شەھەردە
بىر كاتتا سودىگەر ياشىغانىكەن، — دەپ ھېكايە باشلاپتۇ
ئەيسا، — ئۇ سودىگەر ئىنساپسىز ھەم ئاچ كۆز ئىكەن.
بىر ياغاچچى بۇ سودىگەرگە بەش يىل ئىشلەپ، ئىش ھەق-
قىنى ئالىدىغان چاغدا ئۆلۈپ قاپتۇ. سودىگەر ئۇنى كۆمۈپ
قويۇپ، تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىپلا يۇرت كاتتىلىرى-
نى ئۆيىگە چاقىرىپ زىياپەت بېرىپ ئوبدان مېھمان قىپ-
تۇ، ئاخىردا مۇنداق مۇراجىئەت قىپتۇ:

— ئى جامائەت، ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، رەھمەتلىك
ياغاچچى ماڭا بەش يىل ئىشلىگەن، ئۇنىڭ يېمەك - ئىچ-
مىكى، كىيىم - كېچىكى، پۇتكۈل خىراجىتى مەندىن بول-
غان، يەيدىغىنىنى يەپ، ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بولغانىدى،
مەندە ھېچقانداق ھەققى قالمىدى. مۇبادا كۈنلەردىن بىر
كۈنلىرى بۇ ياغاچچىنىڭ ئىگىسى چىقىپ قېلىپ، مېنىڭ-
دىن ئۇنىڭ ھەققىنى ئالىمەن دېسە، سىلەر گۇۋاھ
بولۇڭلار.

— بەش يىلدىن بۇيان سىلىنىڭ تۇزلىرىنى يېگەن
تۇرسا، ئۇنىڭ يەنە نېمە ھەققى قالسۇن؟ ھەرقانداق ئادەم
كەلسە، بىز گۇۋاھلىقتىن ئۆتىمىز، — دېيىشىپتۇ يۇرت
كاتتىلىرى.

سودىگەر، بۇ ئىشتىن ئەجەب ئوبدان قۇتۇلدۇم، ئەمدى

ياغاچچىنىڭ ئەۋلادلىرى دەۋا قىلىپ كېلىپ قالسىمۇ، جا-
مائەتكە ئىتتىرىپ قويۇپلا تۇگىشىدىغان بولدۇم، دەپ
خۇرسەن بوپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن خاتىرجەم يۈرۈۋېرىپتۇ.

سودىگەر بىر كۈنى ئىككىنچى بىر شەھەرگە سودى-
گەرچىلىككە بارماقچى بوپتۇ. ئوتتۇز سەر ئالتۇننى پوتى-
سىغا تۈگۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يولدا ھاۋا بەك ئىسسىپ
كېتىپتۇ. تەرلەپ كەتكەن سودىگەر ئېتىنى چۆپكە قويۇۋې-
تىپ، ئۆزى ئېرىق بويىدىكى قارىياغاچنىڭ تۈۋىگە كېلىپ
بىرپەس ئۇخلىماقچى بوپتۇ، بىراق ھېلىقى پوتىغا تۈ-
گۈۋالغان ئالتۇنى بىقىنىغا پېتىپ زادىلا ئۇخلاتماپتۇ. ئاخىر
ئورنىدىن تۇرۇپ پوتىنى بېلىدىن يېشىپتۇ. بۇ دەشت -
باياۋاندا كىم ئېلىۋالاتتى، دەپ ئويلاپ، دەرەخ شېخىغا ئې-
لىپ قويۇپ، يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتۇ. بىرھازادا كۆزىنى
ئاچسا كەچ كىرىپ قالغان. ئاللاھۇئەكبەر، نېمانچە ئۇخلاپ
كەتكەندىمەن، دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قامچىسىنى
قولىغا ئاپتۇ، ئالدىراپ - سالدىراپ بېرىپ توقۇقلۇق ئې-
تىغا مىنىپتۇ - دە، ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى
ئالتۇن چىگىلگەن پوتا شاختا قاپتۇ.

سودىگەر كەتكەندىن كېيىن، بىر ياغاچچى بالا جابدۇق-
لىرىنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ ئارام ئې-
لىشقا ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قىرغا بېشىنى قويۇپ، ئاسمانغا
قاراپ ياتقانىكەن، كۆزى دەرەخ شېخىدا ئىلىقلىق تۇرغان
پوتىغا چۈشۈپتۇ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ پوتىنى قولىغا

ئاپتۇ، ئۇنى يەشسە، كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ساپسېرىق ئالتۇن چىقىپتۇ. ياغاچچى بالا: «خۇدايىم بەردى» دەپتۇ ـ دە، تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئامەتتىن ئالەمچە خۇشاللىنىقا چۆمۈپ، يۈرۈپ كېتىپتۇ.

ئەمدى گەپنى سودىگەردىن ئاڭلايلى:

سودىگەر شۇ يەردىن قوپقانچە توختىماي مېڭىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى قونالغۇغا يېتىۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئالدىراپتۇ. يېرىم كېچىلەر بىلەن ئاران دىگەندە بىر ئۆتەڭگە يېتىپ بېرىۋاپتۇ. ئەتىسى سەھەردە ھېلىقى پوتىدىكى ئالتۇنى ئېسىگە كېلىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ ـ دە، بېلىنى سىلاپتۇ، قارىسا پوتا يوق. شۇ ھامان پۇتۇن بەدىنىدىن ئاچچىق تەر چىقىپ، پۇتلىرى تىترەپ كېتىپتۇ، ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، ئارقىسىغا قايتىپ ھېلىقى قارىياغاچ تۈۋىگە كەپتۇ. ئۇ كەلگەندە دەرەخ تۈۋىدە بىر بوۋاي ھاسىسىغا تايىنىپ دەم ئېلىپ ئولتۇرغانىكەن. شاخقا ئىلىپ قويغان پوتا كۆرۈنمەپتۇ. ئۇ ئۇيان ـ بۇيانىنى ئىزدەپتۇ.

— بىرنېمىڭىز يىتىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ماۋۇ شاخقا پوتىغا تۈگۈلگەن بىرنېمىنى ئېسىپ قويۇۋېدىم، يوق تۇرىدۇ، سىز كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر.

— كۆرمىدىم. ئەمدى كېلىپ ئولتۇرۇشۇم، تېخى



شاخقا قارىغۇچىلىكمۇ بولمىدىم، ئۇكام، — دەپتۇ بوۋاي.

— راستىڭىزنى ئېيتىڭ، سۈيۈنچە بېرىمەن.

— ئىللا - بىللا كۆرمىدىم.

— ئەمىسە شەيتان ئېلىپ كېتەمدۇ؟

— ۋاي توۋا، مەن كۆرمىدىم.

— راستىڭنى ئېيت، بىئەجەل ئۆلىسەن، قېرى !

— هوي، قانداق ئۆكتەم نېمىسەن؟

— كۆرمىگەن بولساڭ، مانا ! — سودىگەر پىچىقىنى ئېلىپ بوۋاينى بوغۇزلىۋېتىپتۇ...

ئەيسا ھېكايىسىنى توگىتىپ:

— ئەمدى ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ، ئۆز ئورنۇڭغا كىلىپ تۇرساڭ بولىدۇ، — دەپتۇ مۇساغا.

مۇسا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ:

— سودىگەرنىڭ ئالتۇنىنى ياغاچچى بالا ئىلىپ كەتسە، سودىگەر ئاچچىقىدا بىگۇناھ بوۋاينى ئۆلتۇرۇۋەتتى، بۇ قانداق بولغىنى؟ — دەپتۇ.

— ئەمدى بۇنى مەن ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، — دەپتۇ ئەيسا، — ئالتۇننى ئەكەتكەن بالا ھېلىقى سودىگەرنىڭ قولىدا ئىشلەپ ئۆلۈپ كەتكەن ياغاچچىنىڭ ئوغلى بولىدۇ. ئۆلگەن بوۋاي بولسا، بۇرۇن مۇشۇ سودىگەرنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۇرۇۋەتكەن قاراقچى ئىدى. پۇل ئىگىسىگە تاپشۇرۇلدى، سودىگەر دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى. ئەمدى سەن دەپ باققىنا، كىشىنىڭ ھەققى كىشىدە قالامدىكەن؟

مۇسا قايىل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— كىشىنىڭ ھەققى زادى كىشىدە قالمايدىكەن، ئوخشاش بولمىغان يوللار بىلەن ھامان تۆلىنىدىكەن، — دەپتۇ.

# گىلەمچى يىگىت

ئاتام زامانىسىدا بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ بىرلا قىزى بولغاچقا، كۆزىگە قاراپ، بېشىنى كۆنىگە ئۇچ ۋاخ تاراپ، يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىپتۇ. قىز رەسىدە بوپتۇ. باي دەسلەپ، ئۆزىگە ئوخشاش تولغان بايغا ياتلىق قىلىمەن دەپ، قىز كۆرگىلى كەلگەنلەرنى دەرۋازا سىرتىدىن قايتۇرۇپتۇ. كېيىن دەرۋازىنى ئاچماي بولماپتۇ.

— ھەي خوتۇن، — دەپتۇ باي بىر كۈنى قىزنىڭ ئانىسىغا ئاچچىقلاپ، — قىز تاپقانغا تويغۇزۇشىدىغان ئوخشىمامسەن مېنى؟ يىغقان بايلىقىم كويئوغول بولغۇچىلارغا داستىخان سېلىپ تۈگەۋاتسا، مۆرىمەي ئولتۇرۇشىسەنغۇ؟! قىزىڭغا ئېيت، مېنى بالدۇرراق بىكار قىلسۇن!

ئانا باينىڭ گېپىنى قىزغا يەتكۈزۈپتۇ ۋە:

— قىزىم، ھەممىسى ئالدىڭدىن ئۆتتى. ئاتاڭنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي يوقكەن. نېمە ئىلاج، باينىڭ ئوغلىدىن بىرنى تاللىساڭ، بېشىڭنى ۋاقتىدا ئوڭشاپ قويساق، —

دەپتۇ.

— باي دادامدەك پىخسىق بولىدىغان بولسا، بايغا تەگمەيمەن، — دەپتۇ قىز.

— ئۇنداق بولسا، سودىگەرگە تەگكىن.

— جېنىم ئانا، سودىگەرنىڭ ئىشى ھىيلىگەرنىڭ ئىدىشى، تۆمۈردۇر ئۇنىڭ چىشى، ئۇنداقلارنىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دەپتۇ قىز. ئانا چالۋاقاپ سوراپتۇ:

— بايغىمۇ تەگمىسەڭ، سودىگەرگىمۇ تەگمىسەڭ، شەھەر ئامبىلىنىڭ بەگزادىسىگە تېگەمسەن ئەمىسە؟



— ئامبال دەمسىنا؟ — ياندۇرۇپ سوراپتۇ قىز، — بىلىسەڭ، تاتلىق ئانا، سېنىڭ ئۇ بەگزادەڭ ئۆتۈپ كەتكەن قاقۋاش كادىڭ، نەپسى يوغان بادىڭ. ئۇنىڭغىمۇ تەگمەيمەن. مېنىڭ كۆڭلۈم ھۈنەرۋەننى تارتىدۇ.

— ھۇنەرۋەن؟ كۆڭلۈك ئاشۇ كوچىدىكى سولتەكلەرنى تارتامدۇ؟ خەپ، داداڭغا ئېيتىپ، تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزمىسام، — ئانا قىزىنى دۈشكەلەپ، بايىنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كىرىپ دادخورلۇق قىپتۇ. باي قىزىنى ھارغۇچە سوتلاپتۇ. قىز بولسا، ئۆز گېپىدىن تايماپتۇ.

— نېمە قىلساڭ قىل، لېكىن مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ سەن مېنىڭ پۇشتۇم ئەمەس، مەن سېنىڭ داداڭ ئەمەس، كۆزۈمدىن يوقال ! — دەپتۇ باي قىزىغا كايىپ.

ئانا بايىنى گەپكە كۆندۈرەلمەپتۇ. قىز نائىلاج بوغچىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ يولغا چىقىپتۇ. ئانا كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، بىزگىمۇ قىلدىڭ بالام، خەير، يولۇڭ بولسۇن، — دەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

قىز مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىر ئاۋات بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ، بويىنىنى قىسىپ كوچا ئارىلاپتۇ. ئۇ تۇماقچى، بوياقچى، ئۆتۈكچى، ماتاچى، ئاشپەز، ناۋاي...لارغا سەپسېلىپ كېتىۋېتىپتىكەن، كوچا مەركىزىدە بىر توپ ئادەم دۈۋىلىشىپ تۇرغۇدەك. قىز توپقا قېتىلىپ، سىغدىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ، قارىسا، قەلەم قاشلىق، قوي كۆزلۈك، مەڭزى توغاچتەك، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان قاۋۇل بىر يىگىت كۆزنىڭ يېغىنى يىگۈدەك بىر پارچە گىلەمنى يېيىپ قويۇپ ئولتۇرۇپتۇ. كىشىلەر تالىشىپ سودا قىلىۋېتىپتۇ. قىز پەرەنجىسىنى ئاستا قايرىپ،

گىلەمنى سىلاپ تۇرۇپ يىگىتتىن سوراپتۇ:

— ئۆزلىرى توقۇغانمۇ؟

— ھەئە، ئۆزۈم توقۇغان، — دەپتۇ يىگىت جاۋابەن، — شۇغىنىسى قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولغۇدەك يا بىرەر شاگىرتىم، يا يىپ ئېگىرىپ بەرگۈدەك جورا - ھەمراھىم يوق، دۇكاندا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن دېسىلە، خېنىم.

— يىپلىرىنى مەن ئېگىرىپ بەرسەم، قوبۇل كۆرەرلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ قىز. يىگىت تەزىم قىلىپ:

— مىڭ مەرتە، تۈمەن مىڭ مەرتە قوبۇل قىلىمادىغان! — دەپتۇ ۋە گىلەمنى ئېلىشقا سېتىپ، قىزنى ئۆيىگە باشلاپ مېڭىپتۇ.

گىلەمچى يىگىتنىڭ ئىسمى لوقمان، قىزنىڭ ئىسمى بۇھەجەر ئىكەن. ئۇلار يول بويى ھال - مۇڭ ئېيتىشىپ، بىر - بىرىگە ئاشىقى بىقارار بولۇشۇپ قاپتۇ. لوقمان بىر قازان پولۇ ئېتىپ، مەھەللە - كويلىرىنى چاقىرىپ، پەتىسىنى قىلدۇرۇپ بۇھەجەرنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇھەجەر يىپ ئېگىرىپ، بوياپ ھارماپتۇ، بازار سودىسىغىمۇ پىششىپتۇ. لوقمان دۇكاندىن چىقماي گىلەم توقۇپتۇ. بىر يىل توقۇپتۇ، ئىككى يىل توقۇپتۇ، ئۈن يىل توقۇپتۇ. گىلەمنىڭ بازىرى سۇرۇپ، لوقمان بېيىپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بۇھەجەرگە:

— ھۈنەرمۇ قىپتۇق، پۇلمۇ تېپىپتۇق، ئەمدى ئۇنىڭ مېغىزىنى چاقساق. شەھەردە دۇكان ئېچىپ بەرسەم، سىلى

ئولتۇرۇپ گىلەم، يىپ ساتساڭلا، گىلەمنى نىمكارلىرىم توقۇسا، مەن شەھەر كۆرگەچ ئالەمنى بىر ئايلىنىپ كەلسەم، — دەپتۇ.

بۇھەجەر قوشۇلۇپتۇ. لوقمان پۇختا تەييارلىنىپ، قىزچىرلارغا مال ئارتىپ، ئۆزى ئارغىماققا مىنىپ مەشرىققە قاراپ يول ئاپتۇ، يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ، يەتتىنچى كۈنى بىر ئۆتەڭگە كېلىپ، يۈك - تاقلىرىنى ئەمدى چۈشۈرۈپ تۇرۇشىغا قىرىق قاراقچى باستۇرۇپ كەپتۇ - دە، مال - مۈلۈك، پۇل - پۈچەك، ئات - قىزچىرلارنىڭ بىرىنى قويماي بۇلاپتۇ. نۆۋەت لوقمانغا كەپتۇ.

— ھەي سودىگەر يىگىت، — دەپتۇ قاراقچىلار باشلىقى قىلىچىنى پارقىرىتىپ، — بۈگۈن ئەجىلىڭ توشتى! چاناپ ئۆلتۈرەيمۇ ياكى ئاتىنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرەيمۇ؟ جاۋابىڭغا خۇشتارمەن.

— بويىنۇم قىلدا باغلاقلىق، لېكىن بىر شەرتىم بار: خوتۇنۇمنى كۆرۈۋالاي، ۋەسىيەتلىرىم بار دەۋالاي، ئاندىن قانداق ئۆلتۈرۈشنى خالىساڭلار، شۇنداق ئۆلتۈرۈڭلار، — دەپتۇ يىگىت بېشىنى ئېگىپ.

قاراقچى باشلىقى:

— قولۇمغا چۈشكەنلەرنى تىرىك قويۇۋەتكەن ئەمەسمەن. بوپتۇ، ئۆلۈكۈڭ بولسىمۇ، خوتۇنۇڭ بىلەن دىدارلىشىۋالسۇن، — دەپتۇ ۋە شېرىكلىرىگە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ، — بۇنى ئۆز ئېتىنىڭ قۇيرۇقىغا سۆرىتىپ ئۆزىتىپ

قويۇقلار.

— خوپ، تەقسىر ! — قاراقچىلار قىلىچلىرىنى قىنىغا سېلىپ، لوقماننى چىرقىرىتىپ باغلاپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ ئاتنىڭ قېشىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ ئەسنادا قاراقچىلار باشلىقىنىڭ مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ئەقىل كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— بۇ يىگىت سودىگەر ئەمەس، ھۈنەرۋەندەك قىلىدۇ. ئەكېتىپ ھۈنەر قىلدۇرساق، بىزمۇ ئاچ - توق قالماس ئىدۇق.

قاراقچىلار باشلىقى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپتۇ. لوقماننى بوشىتىپ سوراپتۇ:

— نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟

— ھۈنەرۋەنمەن، تەقسىر.

— نېمە ھۈنىرىڭ بار؟

— گىلەم توقۇيالايمەن، يىپ ئېگىرىپ بويىيالايمەن.

قاراقچىلار لوقماننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، ئۇنى بىللە ئەكېتىپتۇ. ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئۆڭكۈرگە بېرىپ، ئولجا ئالغان يىمەكلىكلەرنى بۆلاپ - تالاپ يېيىشىپ، قورسىقىنى راسا تويغۇزۇشۇپتۇ، ئاندىن قاراقچىلار باشلىقى ئۇچىنى كېكىرىپ، بۇرۇتىنى تولغاپ قۇلىقىغا ئالماپ تۇرۇپ دەپتۇ:

— ھەي يىگىت، ھۈنىرىڭنى كۆرسەت، مەن كۆرەي.

لوقمان گىلەمنى ھەر خىل يىپ، دۇكان، ئەسۋاب



بولمىسا، توقۇغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قاراق-
چىلار باشلىقىنىڭ سەپرايى ئۆرلەپ كايىپتۇ، ئۇ قىلىچىنى
قىنىدىن سۇغۇرۇپ شىلتىماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ھېلىقى
مەسلىھەتچى توسۇپ:
— تەقسىر، ئۇنىڭ دىگەنلىرى توغرا، يىپ، ئەسۋاب
تېپىپ بىرەيلى، — دەپتىكەن، قاراقچىلار باشلىقى ماقۇلغا
كەپتۇ ۋە سوراپتۇ:
— ھەي گالۋاڭ يىگىت، سەن ئېيتقان نەرسىلەر نەدە
بار؟ تېز ئېيت!
— مەغرىبتىكى شەھەردە بىر ئايال ساتىدۇ، يىپلىرى
خىل، ئەسۋاب - جابدۇقلىرى تەخ، — دەپ جاۋاب بېرىپ-
تۇ لوقمان.
قاراقچىلار باشلىقى تۆت قاراقچىنى بايۋەچچىدەك

كېيىندۇرۇپتۇ. لوقمان قاراقچىلار بۇلىۋالغان گىلەم خۇرجۇننى ئالدۇرۇپ چىقىپ، رەڭدار ئارقاق يىپىدىن بىر تالدىن سۇغۇرۇپ، ئۆرۈش يىپىدىن ھەم ئالدۇرۇپ قاراقچىلارغا تۇتقۇزۇپتۇ، ئەسۋاب نۇسخىسىنىمۇ بېرىپتۇ. تۆت قاراقچى مەغرىبتىكى شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. شەھەردە بۇھەجەرنىڭ دۇكىنىدىن باشقا گىلەم - يىپ ساتىدىغان دۇكان يوق ئىكەن. بۇھەجەر قاراقچىلار ئەكەلگەن يىپ، ئەسۋاب نۇسخىسىنى كۆرۈپ، ئېرىنىم گىلەمچىلىك دۇكىنى قورماقچى ئوخشايدۇ، بۇلار ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئەڭ ئېسىل، رەڭدار يىپ خىللىرىدىن ئىككى قاپ بېرىپتۇ، ئەسۋاب - جابدۇقنىمۇ كېچىكتۈرمەپتۇ، قاراقچىلارنى مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

قاراقچىلار باشلىقى لوقماننى ئۆگكۈردىكى ئەڭ ئىچكىرى «كىرىشى بار، چىقىشى يوق» بىر ئۆيدە گىلەم توقۇشقا بۇيرۇپتۇ. لوقمان كېلىشتۈرۈپ بىر پارچە گىلەم توقۇپتۇ. گىلەمگە ئۆزىنىڭ قەيەردە، قانداقىسىگە قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقى، گىلەم ساتقىلى بارغانلارنىڭ قاراقچى ئىكەنلىكىنى خەت بىلەن ئىزھار قىپتۇ، قاراقچىلار تۇرۇشلۇق جاي ۋە ئۆزى قامالغان ئۆينىڭ، يولنىڭ خەرىتىلىرىنى چۈشۈرۈپتۇ، قوتقۇزۇشنى تەلەپ قىپتۇ. گىلەمگە سۇ پۈركۈپ ئېغىرلاشتۇرۇپتۇ. قاراقچىلار باشلىقى ئىككى قاراقچىنى گىلەمنى سېتىپ كېلىشكە تە-

يىنلەپتۇ. ئىككىسى كۆتۈرەلمەپتۇ، تۆتى كۆتۈرەلمەپتۇ، ئالتىسى كۆتۈرەلمەپتۇ، ئاخىر سەككىزى كۆتۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ مېڭىپتۇ ۋە بۇھەجەرنىڭ دۇكىنىغا ئاپىرىپتۇ. بۇھەجەر گىلەمدىكى خەتلەرنى ئوقۇپ، خەرىتىلەرنى كۆرۈپ ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇ، گىلەم ساتقىلى كەلگەن سەككىز قاراقچىنى مېھمانغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆيگە سولاپ يوقىتىپتۇ، ئاندىن لوقماننىڭ ۋاپادار دوست - يارەنلىرىدىن ئاتمىشنى تاللاپ، ئارغىماقلارغا مىندۈرۈپ، ئۆزى سەردار بولۇپ قاراقچىلار ماكانىغا قاراپ ئات ساپتۇ.

قاراقچىلار گىلەم ساتقىلى كەتكەن ھەمراھلىرىنىڭ يولىغا قاراپ، ئاچلىقتىن لەۋلىرىنى شوراپ، گەملىرىدىن چىقىپ ئۆتەڭدە كارۋان ساقلاپ تۇرۇشقىنىدا، بۇھەجەرلەر دەشتنى چاڭ كەلتۈرۈپ، قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇچقاندەك يېتىپ كەپتۇ.

— سىلەر قايسى پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى؟ نەگە بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ قاراقچىلار باشلىقى بۇھەجەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ. بۇھەجەر:

— پېقىر سىنىڭ قولۇڭدىكى گىلەمچى يىگىتنىڭ خوتۇنى، بۇ يىگىتلەر ئۇنىڭ دوستلىرى، — دەپتۇ - دە، قىلىچىنى بىر سىلتىپ قاراقچىلار باشلىقىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. قالغان قاراقچىلار قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ بۇھەجەرگە ئېتىلىپتۇ. لوقماننىڭ دوستلىرى ئارغىماقلىرىنى چاپتۇرۇپ، قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ، قاراقچىلار

سېپىگە بۆسۈپ كىرىپتۇ. جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ.

قىلىچ - نەيزىۋازلىق ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپتۇ. بۈھەجەرلەر قاراقچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئۆتەڭنى تىنچلاندۇرۇپتۇ، قاراقچىلارنىڭ ئۆڭكۈر - لەخمىلىرىنى تىنتىپ، لوقماننى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ.

لوقمان بىلەن بۈھەجەرنىڭ شەھەردىكى گىلەمچىلىك ھۈنىرى يېڭىۋاشتىن گۈللىنىپ كېتىپتۇ. بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ، ئىمكارلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۈھەجەرنىڭ ئاتا - ئانىسى قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان ئەيلەپ: «ھۈنەرۋەننىڭ قولى گۈل، ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىكەن» دېيىشىپتۇ ۋە سۇنغان ھالىنى ئوڭشىماق بولۇپ، لوقماندىن ھۈنەر ئۆگىنىپ قويۇشنى ئۆتۈنمەك بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇلار بىر ئائىلىگە جەم بولۇپ، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلىپ، گىلەمچىلىك ھۈنىرى بىلەن باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆتكەنىكەن.

# ئەرئاسىمنىڭ سوۋغىتى

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا ئەرئاسىم ئىسىملىك بىر پادىچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى چەك-سىز كەتكەن چۆل - جەزىرىدە ئاچچىق سۇ ئىچىپ هايات كەچۈرىدىكەن، ئۆمرىدە بىرەر قېتىم تاتلىق سۇ ئىچىپ باقمىغانىكەن.

ئاي، يىللار ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۆلدە قاتتىق يامغۇر يېغىپتۇ، بىر كۆلچەككە لىققىدە يامغۇر سۈيى يىد-غىلىپ قاپتۇ. ئەرئاسىم دەرھال يېتىپ كۆلچەكتىكى يامغۇر سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپتۇ، بۇ سۇ ئۇنىڭغا ناهايىتى تەم-لىك تېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۇ بولمىسا كېرەك، بۇ سۇدىن پادىشاھقا سوۋغات قىلسام، پادى-شاھ چوقۇم مەندىن خۇشال بولىدۇ، دېگەن ئويغا كەپتۇ - دە، يامغۇر سۈيىنى تۇلۇمغا توشقۇچە قاچىلاپ ئېشەككە ئارتىپ يولغا چىقىپتۇ.

بىرنەچچە كۈن جاپالىق يول يۈرگەندىن كېيىن شە-هەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئوردا ئىشىكىگە كېلىپ نۆكەرلەرگە

پادشاھ بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نۆكەرلەر ئۇ-نى زادى كىرگىلى قويماپتۇ. ئەرئاسىم چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. نۆكەرلەر ئاخىر پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ. پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ. ئەرئاسىم پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەنىكەن، پادىشاھ:

— ئەي يىگىت، نېمە ئەرزىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەرئاسىم:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، مېنىڭ ھېچ ئەرزىم يوق، پە-قەت ئالىيلىرى ئۈچۈن ئۈچ كۈنلۈك يولدىن ئازراق سوۋ-غات ئېلىپ كەلگەنىدىم، قوبۇل قىلغايلا، — دەپتۇ ھەم يامغۇر سۈيىنى تۇلۇم بىلەنلا پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۇنىڭ قولىدىن تۇلۇمنى ئې-لىپ، سۇنى ئىچىپ كۆرۈپتۇ-دە، ئۇنىڭ يامغۇر سۈيى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ، لېكىن ئەرئاسىمغا ئىنتايىن ئىل-لىقلىق بىلەن:



— ئەي يىگىت، ساڭا كۆپ رەھمەت، مەن بۇ سۇنى ھېچ-كىمگە بەرمەي ئۆ-زۈم ئىچىمەن، — دەپتۇ-دە، مولا-زىملارغا ئەرئاسىمغا نۇرغۇن ئالتۇن-

كۇمۇش ئىنئام قىلىپ، ئۇنى ھازىرلا يولغا سېلىپ قو-
يۇشنى ئېيتىپتۇ. مۇلازىملار پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈپ ئەر-
ئاسىمنى يولغا سېپتۇ. مۇلازىملار قايتىپ كىرىپ، بۇ ئىش-
تىن ھەيران بولغان ھالدا پادىشاھتىن:

— ئەي پادىشاھ ئالىيلىرى، نېمە ئۈچۈن پادىچىنىڭ
بىر تۇلۇم يامغۇر سۈيىگە شۇنچە كۆپ ئالتۇن - كۇمۇش-
لەرنى ئىنئام قىلىلا ھەم نېمە ئۈچۈن ئۇنى بۇ جايدا تۇر-
غۇزماي دەرھال قايتۇرۇۋېتىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

پادىشاھ مۇلازىملارغا بىرقۇر مەنىلىك قاراپ چىققاندىن
كېيىن:

— ھەي مۇلازىملار، سىلەر شۇنى بىلىشىڭلار كېرەك-
كى، ئەرئاسىم ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل، سەممىي ۋە ساددا-
قەتمەن ئادەم ئىكەن. چۈنكى، ئۇ ئۆمۈر بويى چۆل - جە-
زىرىدە ئاچچىق سۇ ئىچىپ يۈرگەچكە، بۇ يامغۇر سۈيىنى
ئىچىپ كۆرۈپ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ تاتلىق سۇ بولمىسا
كېرەك، دەپ ئويلىغان، شۇڭا بۇنى سوۋغات قىلسا، مېنى
خۇشال بولىدۇ، دەپ ئويلاپ، شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ
سۇنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن
ئالتۇن - كۇمۇش ئىنئام قىلدىم. ئۇنى بۇ جايدىن دەرھال
قايتۇرۇۋەتكەنلىكىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەگەر ئۇ بۇ جاي-
دىكى تاتلىق سۇلارنى ئىچىپ قالسا، ئۆزىنىڭ قىلغان ئى-
شىدىن خىجىل بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ خۇشال -
خۇراملىق بىلەن قايتقىنى تۈزۈك، — دەپتۇ.

# ھۆنەر

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرى، بىزدىن ناھايىتى يىراقتا، چەكسىز كەتكەن ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن. بۇ يۇرتنىڭ يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، ھاۋاسى ساپ ئىدىكەن، لېكىن قىش ـ يازنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ ئىدىكەن. يازلىقى پۈتۈن يۇرت جەننەت تۈسىگە كىرىپ، ھەممە ياقتا خۇش پۇراق، رەڭگارەڭ گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلىپ، بۇلبۇل، تورغايلار يېقىملىق سايرىشىپ دىللارنى مەھلىيا قىلسا، قارا قىش كىرىشى بىلەن يازدىكى شادىيانە تۇرمۇشتىن ئەسەرمۇ قالماي، گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئەنسىز ھۇۋلىغان جۇدۇندا قۇيۇنتاز بولۇپ ئۇچۇشىدىكەن؛ ئەتراپنى ئادەم بىلى بىلەن تەڭ ئاپئاق قار قاپلاپ كۆكۈلنى غەش قىلىدىكەن؛ قار دەستىدىن كىشىلەر تالا ـ تۈزگە چىقالماي، پۈتۈن يۇرتتا ھاياتلىق مەۋجۇت ئەمەستەك تۇس ئالىدىكەن.

ئەنە شۇ يۇرتتا ئىككى كىشى ئارىتام قوشنا بولۇپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلار يېقىن قوشنىلاردىن بولغاچقا، بىر ـ

بىرى بىلەن كىرىش ـ چىقىش قىلىشىپ ئۆتىدىكەن. ئۇ قوشنىلارنىڭ بىرى سودىگەر، يەنە بىرى ياغاچچى ئىكەن.

سودىگەر ئۆزىنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشىدا بىرىنى ئىككى قىلىپ، توققۇزى تەل، سۇنسا، ھەممىگە قولى يەتـ كەچكە، ھېچنېمىدىن غەم قىلماي شاھانە تۇرمۇش كەچۈ ـ رىدىكەن. ياغاچچى ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە، قان ـ تەـ رىگە تايىنىپ يوقمۇ ئەمەس، بارمۇ ئەمەس، ئاچمۇ ئەمەس، توقمۇ ئەمەس قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، لېكىن شۇ تۇرمۇشقا زارلانماي، قانائەت قىلىپ ياشايدىكەن.

بۇ ئىككى قوشنىنىڭ تۇرمۇشى ئۇزۇن يىللار خاتىرـ جەم ئۆتۇپتۇ. شۇ يىللاردا يەنە ياز كەپتۇ. بۇ ياز ئىلگىرىـ كى يازلارغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە كاتتا كەپتۇ. پۈتۈن جانلىقلارنى كائىنات ئۆزىگە مەھلىيا قىلىپ، سودىگەرنىڭمۇ يازغا بولغان مەستلىكىنى قوزغاپتۇ. سودىگەر يازنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ، ھايات گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۆز ئىشىنى ئۇلغايتىش ئۈچۈن ئۆيدىكى پۈتۈن مال ـ مۈـ لۈك، بىساتىنى دەسمايە قىلىپ، يازنىڭ مەمۇرچىلىق كۈنـ لىرىنىڭ بىرىدە، يىراق بىر ئاۋات يۇرتنى نىشانلاپ سودا ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. ئائىلىسىدىكىلەر، قولۇم ـ قوشـ نىلار سودىگەرگە ئاقىۋول تىلەپ قاپتۇ...

سودىگەر ئۆزى كۆزلىگەن يۇرتقا بېرىپ، سودا ـ سېـ تىق ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ قايتىپ كېلىۋاتقاندا، كۆلـ كىنىڭ يىغىسى بولغاندەك، بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچراپ، پۈتۈن

مال ـ بىساتىنى قاراقچىلارغا ئولجا ئالدۇرۇپ قويۇپ: «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپ، مىڭ تەسلىكتە جېنىنى ساقلاپ قاپتۇ...

سودىگەر بىر كۈنى ئامان قالغان بېشىنى ئېلىپ، قاش قارايغان، ئەل تىنچىغاندا ئاستا ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ شەپىسىز كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر شۇملۇقنى سېزىپتۇ ـ دە، تەشۋىشتىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ:

ـــ دادىسى، سىلىگە نېمە بولدى؟ ـــ دېگەندىن باشقا گەپنى قىلالماي، ئېرىنىڭ ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزان، تولىپىلارنى قېقىشتۇرۇپ، ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاپتۇ.

سودىگەر ئەلەم بىلەن:





— ھەي، مېنى نەس باسقان ئوخشايدۇ، — دەپ ئايا-لىنىڭ قولىنى ئاستا بوشىتىپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە تىرىشىپ:

— دادىسى، قايتىپ كېلىۋاتقانلىقلىرىدىن خەۋەر قىل-لىۋەتسىلە، قولۇم - قوشنىلار بىلەن ئالدىلىرىغا چىقماس-مىدۇق، — دەپتۇ. سودىگەر ئېغىر خورسىنىپ:

— ئەل - جامائەتكە مېنىڭ چاۋامنى يېيىپ تاماشا كۆرمەكچىمۇسەن؟ ! — دەپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇ-رۇپتۇ. ئايال ئېرىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ، يەنە گەپ قىلسا، ئېرىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ باشقا گەپ قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر- ئايال ئوتتۇر-سىدا باشقا گەپ - سۆز بولماي، يېپىق قازان يېپىق بو-يىچە قاپتۇ. لېكىن، «ئەلنىڭ قولىقى ئەللىك» دېگەندەك، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي سودىگەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچ-رىغانلىقى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ سودىگەرنىڭ يۇر-تىغا يېتىپ كەپتۇ. سودىگەرگە كەلگەن بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئاڭلىغان قوشنىلىرى سودىگەردىن ئەھۋال سوراپ كىرىپ-تۇ. سودىگەر قولۇم - قوشنىلىرىغا رەھمەت ئېيتىپ، بولغان ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سودى-گەرنىڭ چىرايى ئېچىلماي، كۆڭلى غەشلىككە تولۇپ، بىتاب كىشىلەردەك قولى ئىشقا بارماپتۇ. كۇنلەر شۇنداق ئۆتىد-ۋەرگەچكە، ياز تۈگەپ، قىش كەپتۇ. بۇ قىش شۇنداق كەپ-تۇكى، قارلار ئىلگىرىكى قىشلاردىكىدىن نەچچە ھەسسە

قىلىن يىغىپ، ئادەمنىڭ بىلىگىچە ياغقان قار يەر ـ جاھاننى قاپلاپ، خىرىس قىلىپ تولغىنىپ ياتقان ئاق ئەجدىھادەك تۈس ئىلىپ، ھەممە نەرسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. شىۋىرغان ئاچ يولۋاس جاۋغايلىرىدىن كۆپۈك چاچراتقاندەك، قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەنسىز ھۇۋلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرت خەلقى سوغۇقتىن ئۆزىنى دالدىغا ئىلىپ، ئۆيلىرىگە بىكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ. باشقا كىشىلەر مورىلىرىدىن تۈتۈن چىقىرىپ راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ. سودىگەر بىلەن خوتۇنى بولسا، بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغان مال ـ مۈلۈكىنىڭ ئەلىمىدە، قىشقا ھېچ تەييارلىقى بولمىغاچقا، يازدىن ئېشىپ قالغان ئازغىنا ئو ـ تۇن ـ ياغاچنى قالاپ تۈگىتىپ، سوغۇق ئۆيدە دۈگدىيىپ، تىترەپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

بىر كۈنى شىۋىرغان توختاپ ھاۋا ئېچىلىپتۇ، كۈن ئۆزىنىڭ نۇرىنى كائىناتقا سېپىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئۆيىمۇ قۇياش نۇرىدىن بەھرە ئاپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى دېرىزىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا قولىنى ئىسسىتىپ ئولتۇرۇپ سىرتقا قارىغانىكەن، ئۆزلىرىنى نامرات چاغلايدىغان، باللىرى كۆپ ياغاچچى قوشنىسىنىڭ تۈرخۈنىدىن پۇرقىراپ چىقىۋاتقان ئىسنى كۆرۈپ، كۆز ئالدىغا ياغاچچىنىڭ ئايالى باللىرى بىلەن ئىسسىق ئۆيدە راھەتلىنىپ ئولتۇرغانلىقى كېلىپ، ئۆزىنىڭ بىچارە ھالىتىگە ئېچىنىپ، كۆڭلى يېرىم بوپتۇ ھەم خىيالىدىن، بۇلارنىڭ شۇنچە سوغۇقتا

بۇنداق بەھۇزۇر ئۇلتۇرۇشىدا بىر سىر بار... دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپتۇ - دە، شۇ سىرنى بىلىپ بېقىشقا قىزىقىپ، ئورنىدا ئولتۇرالماي قاپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى ئاخىر ياغاچچى قوشنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپتۇ. ئىشىكنى ياغاچچىنىڭ ئايالى ئېچىپتۇ. ئۆيىنىڭ ئىچى دېگەندەك ئىسسىق، راھەت ئىكەن. ياغاچچىنىڭ باللىرى مورىنى چۆرىدەپ غەمسىز ئولتۇرۇپ كۆمەچ يەۋاتقانىكەن. سودىگەرنىڭ ئايالى بۇنى كۆرۈپ ئىچى سىيرىلىپ كېتىپتۇ. ياغاچچىنىڭ ئايالى ئۇنى تۆرگە ئۆتكۈزۈپ، كۆرپە سېلىپ، ئالدىغا داستىخان راسلاپ:

— غېرىب كۈلبىمىزگە مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپتۇ، — دەپ تەزىم قىلىپ، ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان سىنچاي بىلەن كۆمەچ قويۇپ، — لايىقلىرى بولمىسىمۇ، تېتىپ باقسىلا، — دەپ چايغا تەكلىپ قىپتۇ. سودىگەرنىڭ ئايالى:

— ھەشقاللا، رەھمەت، ئاۋارە بولۇپ كەتتىلە، مەن مۇنداقلا كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقاي دەپ كىرگەنىدىم، — دەپ، رەھمەت ئېيتىپ، چايغا ئىشتىھا بىلەن بېقىپتۇ. ئۇ قىزىق چايىنى ئىچىپ، تىترەپ تۇرغان بەدىنى ئىللىغاندىن كېيىن:

— ۋاي جېنىم قوشنام، شۇنچە سوغۇقتا ئوتۇن - ياغاچىڭ غېمىنى قىلماي بەھۇزۇر ئولتۇرۇۋېتىپسىلەر، ئوتۇن - ياغاچىڭ ئامالىنى قانداق قىلىۋاتىسىلەر؟ — دەپ

ئۆزىنىڭ تۇرخۇنىدىن تۇتۇن چىقىرالماي كىلىۋاتقانلىقىنى چاندۇرماي، ئۆزى بىلمەكچى بولغان سىرنى ئىنىقلىۋىلىشقا تىرىشىپتۇ. ياغاچچىنىڭ ئايالى ئارتۇقچە گەپ ـ سۆز قىلماي، ئۇدۇل قىلىپ:

ـــ بالىلارنىڭ دادىسىنىڭ تىزىكىنى قالاپ كۆن ئىپ-لىۋاتىمىز، ـــ دەپ جاۋاب بىرىپتۇ.

تۇرمۇشىنىڭ ئاچچىق ـ چۇچۇكىنى كۆپ تىتىمىغان سودىگەرنىڭ ئايالى، ئىش ئەسلى مۇنداقكەن، بۇلار يىگەن-نىڭ كۇنجۇرىنىمۇ بىكار كەتكۈزمەيدىكەن... دىگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى بىلمەكچى بولغان سىرنىڭ يىشىلگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ، ھەشقاللا ـ رەھمەت ئىيى-تىپ چىقىپ كىتىپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى ئۆيىگە كىرىپ ئەسكى گۆرجەكىنى تىپىپ، ئۆينىڭ كەينىدىكى سوغۇقتا توڭلاپ كەتكەن ئادەم تىزىكىنى چوقۇپ كىرىپ ئوچاققا ساپتۇ، لىكىن مۇز بو-لۇپ كەتكەن تىزەككە ئوت تۇتاشتۇرالماي، بىر كۆن ئاۋارە بولۇپ، ئىچىدە قوشنىسىنى: «مىنى ئەخمەق قىپتۇ...» دەپ يۈرىكىنى قارغاپ كىتىپتۇ ھەم ئاچچىقىنى باسالماي قوش-نىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ:

ـــ ھەي جىنىم قوشنام، مەن سىلىنى ئۆز چاغلاپ كىرىپ گەپ سورىسام، مىنى يالغان گەپ بىلەن گول قى-لىپ بىر كۈن ئاۋارە قىلدىلا، ـــ دەپ، ئۆزلىرىنىڭ قىش كىرگەندىن بۇيانقى مورىدىن تۇتۇن چىقىرالماي ئاۋارە

بولۇۋاتقانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى كىرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ياغاچچىنىڭ ئايالى قوشنىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— ۋاي جېنىم قوشنام، ئوبدان قوشنام، مەن سىلىنى گەپنى چۈشىنەر دەپ، شۇنداق دەپ سايتىمەن، مېنىڭ سىرلىنى ئەخمەق ئېتىش غەرىزىم يوق. سىلى بىلىلا، باللارنىڭ دادىسى ياغاچچى. ئۇ ياغاچنى ئاتلاپ تۇرۇپ، ياغاچنىڭ چومىقىغا بىگەن چاپىدۇ، رەندە سالىدۇ، ھەممە كىرەكسىز ياغاچلار كەينىدىن چىقىدۇ. بىز شۇ نەرسىلەرنى قالاپ، قىشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقاچقا، شۇنداق دەپ سايتىمەن، — دەپ ئۆز سۆزىگە تۈزىتىش بېرىپتۇ.

سودىگەرنىڭ ئايالى قوشنىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقى سىر باشقا ئەمەس، ھالال تەر ئاققۇزۇۋاتقانلىقى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ شۇنچە ئىشقا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەي ئاچچىقلىنىپ يۈرگىنىگە خىجىل بولۇپ:

— قوشنام، خاپىچىلىقتا سىلىنى رەنجىتىپ قويدۇم، خاپا بولمىسىلا، — دەپ ئەپۇ سوراپ چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ. بۇ چاغدا ياغاچچىنىڭ ئايالى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— قوشنام، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن گەپ بار. بىز قوشنا ئادەملەر، نىمە بولساق، تەڭ كۆرىمىز، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىككى قوشنا بارنى تەڭ كۆرۈپ قىشنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈپتۇ. ياز يورۇپ يەرگە ئىسسىق ئۆتكەندە، قىشنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزگەن ھۈنەرنىڭ كارامىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن سودىگەر، ھۈنەر ئۆگىنىشنى نىيەت قىلىپ، ئۆزىگە كۆپ ياردەم قىلغان قوشنىسىغا شاگىرتلىققا كىرىپتۇ ھەم كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، بىر يازدا ئۇستا ياغاچچى بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سودىگەر ئۆز ھۈنىرىگە تايىنىپ ھالال مېھنىتى بىلەن ھېچ نەرسىدىن قىسىلماي، خار بولماي، خاتىرجەم، باياشات تۇرمۇشقا ئىگە بوپتۇ. ئۆز تۇرمۇشىدىن مەمنۇن بولغان سودىگەر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى: «ھۈنەر — پۈتمەس گۆھەر ئىكەن» دېيىشىپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىغا «ھۈنەر — پۈتمەس گۆھەر» دېگەن ماقال تارالغانىكەن.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAyMDk4NjMuemlw",
  "filename_decoded": "40209863.zip",
  "filesize": 30671985,
  "md5": "7e0d711becc41df610afe7e7577c634e",
  "header_md5": "0599f43dcd69d9e72983ffe57e66c525",
  "sha1": "e651b3275d30ec20decd619db710337a2bfa9bb1",
  "sha256": "01fab58130c3cf1d4f36d7e6f747e632d21ee1cfbe6e0df1794f957d4a7d451f",
  "crc32": 931387520,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 31080660,
  "pdg_dir_name": "\u2524\u2567\u251c\u2248\u2561\u2500\u2568\u00ed\u2563\u251c\u2500\u2229\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209863",
  "pdg_main_pages_found": 71,
  "pdg_main_pages_max": 71,
  "total_pages": 77,
  "total_pixels": 301868721,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}